

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# XINJIANG CIVILIZATION

88. 2



ئەسلىمە

نۇرۇللام ئىبراھىم سىزغان

**شىنجاڭ مەدەنىيىتى** قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

37 - يىل نەشرى 1988 - يىل 2 - سان (ئومۇمىي 171 - سان)

# مۇندەرىجە

## ئەدەبىيات گۈلزارى

چەمچىلاق ...... (ھېكايە) ...... مۇھەممەت باغراش 4
نورۇز سەيلىسى ...... (نەسىر) ...... ئەھمەت ئىمىن 2
تۇرمۇشتىكى قالدۇق كۆلەڭگىلەر ...... (شېئىر) ...... مامۇت زايىت 39

## مىللەتلەر

دۆلىتىمىزدىكى قازاق خەلقى ...... نىغمەت مىڭجانى 42

## تارىختىن سۆز

كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى ... نىزامىدىن ھۈسەيىن 25

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

شاھزادىنىڭ خۇلاسىسى ...... (ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى) ...... 65

## تۇرمۇش ئەينىكىدە

ھاراقكەش ...... (ھېكايە) ...... ئارسلان 47

## سەھنە ماتېرىياللىرى

يەكشەنبىدە ...... (ناخشا تېكىستى) ...... تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم 46
پىراق ...... (« ») ...... ھېيتەم ھۈسەيىن 46
كەچكى شەپەق ...... (« ») ...... ئابدۇسالام تىلىۋالدى 46
قىز كۈتكەن يىگىت كەلدى ...... (« ») ...... تۇرسۇن نىياز 46

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

باھار قىزلىرى ...... (ھېكايە) ...... سەئىد ئەھمەت 74

مۇقاۋىدا: سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى مۇقام ئۇستازى، شائىرە ئامانىسا (ماي بوياق) غازى ئەھمەت سىزغان

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (ماي بوياق) ئىمىن ھاسىل سىزغان
رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىز (تەكلىپ قىلىنغان) مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ژۇرنىلىمىزنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش باشلىنىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ باھاسى 30 پۇڭ، يېرىم يىللىقى 90 پۇڭ. جامائەتنىڭ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# نورۇز سەيلىسى



(نەسر)

ئەھمەت ئىمىن

ئاق قار، كۆك مۇزلىرى بىلەن زېمىننى قاماللاپ تۇرغان زېمىستان كەتتى، تەبىئەت ئاق چۈشەكلىرىنى چۆرۈۋېتىپ قاتتىق ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. تومۇر - تومۇرلىرىغا ھاياتلىق سۈيى يۈگۈرۈۋاتقان دەل - دەرەخلەر بوۋاقلارنىڭ بارماقلىرىدەك بۇدرۇق، يۇمران بىخلىرىنى چىقىرىشقا باشلىدى. باھار كەلدى، ئېخ، دوستۇم، باھار كەلدى!

ئەمدى دېھقان تاغىلىرىمىز يەرنى ھەيدەپ ئۇرۇغ چاچىدۇ. باغۋەنلىرىمىز كۆچەت تىكىدۇ، ئۇلاغ سالىدۇ؛ چارۋىچىلىرىمىز قىرقىم قىلىدۇ، تۆل ئالىدۇ... ئۇلار قۇتلۇق خىزمىتىنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى شۇنداق باسىدۇ.

مانا، ئۇلارنىڭ مۇبارەك قەدىمىگە پاياندازراسلىغاندەك، زېمىن يېشىللىققا پۈركىنىپتۇ، مەيىن شامماللار باي چېچەكلەرنىڭ مەڭزلىرىنى يۇمشاق سىلاپ ئەركىلىتىۋېتىپتۇ، قۇشلار سايرىشىپ، سۇلار شىلدىرلىشىپ نەغمە باشلاپتۇ، يۇمران گىياھلار يېنىك تەۋرىنىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ.

دوستۇم، يالغۇز تەبىئەتلا نەغمىسىنى چېلىپ ئۇسسۇلغا چۈشتىمىكىن دەپ قالمىغىن. خەلقىمىزمۇ شۇتاپتا بەزمىگە چۈشمەكتە، باھار تويى گۈل نورۇزنىڭ پەيزىنى سۈرمەكتە.

يۈر، دوستۇم، يۈر، نورۇز بۇلاققا بارايلى، مەھمۇت بوۋامنىڭ مۇبارەك بۇلىقىدىن سۇ ئىچەيلى. ئۇ سۇلار تېنىمىزگە دەرمان، يۈرەكىمىزگە ئارمان بېغىشلىشى چوقۇم.

قارا، دوستۇم، قارا! بۇلاق بېشىدىكى كۆكلەمەيدانچىلىقتا يۇمىلاق سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغان يۇرتداشلىرىمىزنى كۆردۈڭمۇ، بىزمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالايلى. يۇمىلاق سورۇننىڭ تۆر - پەگاسى بولمايدۇ. يىلنىڭ كۈن بىلەن تۈن باب-باراۋەر تەڭلەشكەن بۇ كۈنىدە چوڭلىرىمىزمۇ سورۇننىڭ تۆر - پەگاسىنى ئايرىغۇسىز تەڭشەپتۇ. باھار يامغۇرى ھەممە يەرگە تەكشى چۈشىدىغۇ، نورۇز تامىقىمۇ ھەممىگە تەكشى كەلدى. ئابى نىسان دەيدىغان بۇ نورۇز تامىقىنى يەۋېتىپ باھار يامغۇرىغا قويۇلغان ئۇ ئىسمىنىڭ بۇ تاماقىمۇ ئوخشاش قويۇلغانلىقىنىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەنگەنسەن!؟

يۈر، دوستۇم، يۈر، تامىقىمىزنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن چاي ئىچەيلى، يەنە نورۇز بۇلاقتىن

سۇ ئىچەيلى. ئۇ سۇلار تەشنالىقىمىزنى قاندۇرۇپ، ئەقلىمىزنى ئۇرغۇتسا ئەجەب ئەمەس.

قارا، دوستۇم، قارا، پالۋانلىرىمىز بەل تۇتۇشماقتا، ياشلىرىمىز سارغايىدىدا پىرقىرىماقتا، دارۋازلىرىمىز قىل ئاغامچىدا كۆككە ئۆرلىمەكتە، باتۇرلىرىمىز ئوغلاق تارتىشماقتا، چەۋاندازلىرىمىز بەيگىگە چۈشمەكتە...

ھەممىسىدىلا كارامەت كۆرسىتىش ئىستىكى، ھەممىسىدىلا بەسلىشىش تىلىكى، ھەممىسىدىلا يېڭىپ چىقىش ئۈمىدى ھۆكۈم سۈرمەكتە.

بۇ ئويۇنلارنى بىز چىن ھېكمەتى بىلەن كۆزىتەيلى. دەۋرنىڭ ئىنتىلىش ئىستىكى مۇشۇ سورۇننىڭ خاسىيەتى بىلەن بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتسە ئەجەب ئەمەس.

قارا، دوستۇم، قارا، باللار لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتىدۇ، ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان لەگلەكلەر ئۇلارنىڭ قاناتلانغان ئارزۇلىرىنىڭ سىمۋولى ئەمەسمىدۇ؟! ئۇلار شۇتاپتا گويا باھار شامىلى بىلەن تەڭ جەۋلان قىلماقتا، زېمىننىلا ئەمەس گويا ئاسماننىمۇ ئۆزلىرىگە ماكان قىلماقتا.

دوستۇم، كۆرۈۋاتامسەن، باھارنىڭ تۇنجى چېچەكلىرى — باي چېچەكنى ئەتىۋارلاپ ئويناۋاتقان باللارنى كۆرۈۋاتامسەن؟ ئۇ گۈلنى قۇرۇپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇلار ئۇنى توپىسى بىلەن قوشۇپ ئېلىشىنىمۇ ئۇنتۇماپتۇ. ئۇلار يۇمران گىياھنى ئۆز تۇپرىقىدىن ئايرىماسلىقنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلگەن يەردە، بىزمۇ ياش مايسىلارنى، يېڭى نوتىلارنى ئاسراشنىڭ قىممىتىنى چۈشەنمىسەك بولماس.

قارا، دوستۇم، قارا، ئاسماندا رەتلىك سەپ تارتىپ ئۇچۇۋاتقان باھار ئەلچىلىرىگە قارا. ئۇلار نورۇز بايرىمىدا سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغان سەيلىچىلىرىمىزنىڭ رەتلىك ھالىتىنى دوراۋاتقانمىدۇ ياكى كىشىلەرگە ئەبەدىي ئىناق، ئىنتىزاملىق ئۆتۈشنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرسىتىۋاتقانمىدۇ؟!

دوستۇم، شائىرلىرىمىزنىڭ مۇنۇ نەزمىسىگە قۇلاق سالغىنە:

ئاق دەستىخان يېيىلدى،
كەتتى كونا يىل قىشى.
يېشىل دەستىخان ئۈستىگە،
تولدى نورۇز قۇت ئېشى.

كەلدى كۆكلەم-گۈلباھار،
كەلدى نورۇز — يىل بېشى.
كۆكلەم كەبى شاد كۈلۈپ،
بايراپ كەتتى ھەر كىشى.

يىل باشلانسا باھاردىن،
ئىش باشلانسا سەھەردىن،
روناق تاپار، يۈز تاپار،
خەلقىمىزنىڭ ھەر ئىشى.

باھار كەلدى، نورۇز كەلدى، دېمەك يۇرتىمىزغا يېڭى يىل كەلدى.

دوستۇم، دوستۇم، مەشرەپچىلەرنىڭ ئوتلۇق ناخشا - كۈيلىرىنىمۇ ئاڭلاۋاتامسەن؟! ئۇ خەلقىمىزنىڭ يېڭى يىل مارشى ئەمەسمىدۇ. بىزمۇ ئۇ مارشقا قوشۇلايلى. ئۇ ئۈمىد مارشى، ئۇ ئىشەنچ مارشى. بىزنىڭ خەلقىمىز بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ بىللە يۈرۈش قىلساق، ئۇ ناخشا ئاخىرى زەپەر مارشى سۈپىتىدە ئۆز مەنىسىنى تاپىدۇ، بىزمۇ ئەل قوينىدا ئۆز قىممىتىمىزنى تاپىمىز

يۈر، دوستۇم، يۈر، باھار قوينىغا بىزنى چاقىرماقتا، گۈلباھارى مەڭگۈ كەتمەيدىغان ئەزىز ئېلىمىز بىزنى قوينىغا چاقىرماقتا. بىزمۇ گۈلباھارىمىزنى ۋەتىنىمىزنىڭ باھارىغا قوشۇۋېتەيلى. ئېلىمىز تۇپرىقىدا قىشمۇ - ياز باھاردەك كۆكىرىپ تۇرىدىغان شەمشادقا ئايلانساق بىزگە نېمە ئارمان!

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# چىمچىلاق

(ھېكايە)

**مۇھەممەت باغراش**

ئۇنىڭ ئىسمى سەيدەم، بۇ بازاردىكىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن «سەيدەم پولۇ»، «سەيدەم چويلا»، «سەيدەم خالتا» دەپ ئاتىشىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ لەقىمىنى پەقەت ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىنلىرى بىلەن ئۇچراشقاندىلا ئېغىزغا ئېلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا بولسا ئۇنى ھۆرمەت بىلەن «سەيدەم ئەپەندى» دەپ چاقىرىشىدۇ. كىشىلەر يۇقىرىقى لەقەملەرنى ئۆزلىرىچە ئىنتايىن خۇپىيانە ساقلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن بەك ئېھتىيات قىلىدۇ. مۇبادا بىرەر كىشىنىڭ «سەيدەم پولۇ»، «سەيدەم چويلا»، «سەيدەم خالتا» دېگىنىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، بولدى! بۇ ھۆرمەتلىك ئەپەندىنىڭ مۇبارەك نامىغا ياخال يېپىشتۇرغان ئادەمنى خۇدا ئۇرۇپتۇ دەۋەرگىن!



سەيدەم ئەپەندى يېڭى قۇرۇلغان مۇشۇ ئاۋات بازارغا تەيىنلەنگەن بازار باشقۇرۇش خادىمى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە بۇ بازاردىكى تىجارەتچى ياينىچىلار، قاسساپلار، ناۋايلار،

كاۋاپچىلار، سامسىپەزلەر، باققاللار، ھۆپپىگەرلەر ئۆيلىرىدىن كېلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىڭ سوم زاكالەت پۇلى بېرىپ ئاران ئېرىشكەن دۇكان، تەنزىلىرىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ تۇرۇشىغا سەيدەم ئەپەندى ئۇزۇن ۋە تارەمنە بۇ بازارنىڭ ئۇ بېشىدا پەيدا بولىدۇ، بۇ چاغ دەل كاۋاپدانلاردىكى ئوت ئەمدى تاۋلىنىپ، بىرىنچى تونۇر سامسا ئەمدى قومۇرۇلۇپ، بىرىنچى قاسقان مانتا ئەمدى پىشقان، قاسساپلار سېمىز قوي، كالا گۆشلىرىنى تېخى ئەمدىلا كانارغا ئېلىشىپ، پىچاقلىرىنى كاپلىشىۋاتقان خاسىيەتلىك سائەتكە توغرا كېلىدۇ.

بازار باشقۇرۇش فورمىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى ياقىسىغىچە ئېتىپ، شەپكىسىنى قىرلاپ كىيگەن، قولتۇقىغا پورتفېلىسىمان بىر سومكىنى قىستۇرغان سەيدەم ئەپەندى خۇددى ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان دۆلەت باشلىقىدەك ھەيۋەت بىلەن بازارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئالدىرىماي قەدەم تاشلاپ بازارغا كىرىپ كېلىدۇ - دە، ئىككى قاسناققا تەڭ نەزەر سېلىپ، ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك جىددىي ۋە ئۇلۇغۋار خىزمەت كۈنىنىڭ باشلانغانلىقىنى كىشىلەرگە ئۈنسىز جاكارلايدۇ. بازار ئەھلى شۇ ھامان قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى دەررۇ توختىتىپ سەيدەم ئەپەندىگە ھۆرمەت بىلەن سالام قىلىشىدۇ. كىشىلەر سەيدەم ئەپەندىنىڭ جاۋاب سالىمىغا ئېرىشكەندىن كېيىنلا كۆڭۈللىرى جايىغا چۈشۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئىشىغا كىرىشىپ كېتىدۇ.

سەيدەم ئەپەندى ئۆزى قاۋۇل، يۈزى چوڭ، كېپى كەسكىن، قاتتىق قول، ئۆز ئىشىغا ئىنتايىن مەسئۇلىيەتلىك ئادەم. ئۇ بازاردىكى ھەممە كىشىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى - مىجەز-خاراكتېرى، ئىش ئۇقۇمىدىن تارتىپ كىمنىڭ قانچىلىك دەسمىسى بارلىقى، كۈنىگە قانچىلىك تاپاۋەت قىلىدىغانلىقى، كىمنىڭ مالنى كەم جىڭلاپ بېرىدىغانلىقى، كىمنىڭ تارازىسىنىڭ تەگپۈكى چاتاق ئىكەنلىكىنى، كىمنىڭ خالىس، كىمنىڭ مەككارلىقىنى، ھەتتا قايسى كاۋاپدانىنىڭ كاۋىپى مەزىلىك، قايسى ئاشپەزنىڭ تامىقى لاۋزا، قايسى قاسساپنىڭ قولى بەتتام ئىكەنلىكىگىچە بەش قولدەك بىلىدۇ، شۇڭا ئۇ بىر كۈنىنىڭ ئىچىدە نەچچىسىنىڭ جىڭىنى تارتىۋېلىپ، نەچچىسىنى تىللاپ، نەچچىسىنى ماختاپ، نەچچىسىگە جەرىمانە قويۇپ، نەچچىسىنى بازاردىن قوغلايدۇ، شۇڭا ئادەملەر سەيدەم ئەپەندىدىن بەكمۇ ھېيىقىدۇ، توغرىسى ئۇنى ھۆرمەتلەپلا قالماي ئۇنىڭدىن دادىسىدىن قورقىدىغان بالىدەك قورقىدۇ.

سەيدەم ئەپەندى ئۆيىدىن ئەتىگەندە چىققانچە بازاردىن بىر مىنۇتمۇ ۋە بىر قەدەممۇ ئايرىلمايدۇ. ئۇ جىمى بازارچىلار تارقاپ، بوتكا - دۇكانلار تۈگەل تاقىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن كۆزى قىيمىغاندەك بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بازاردىن ئايرىلىدۇ. ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنلەر ئۇنى خۇددى ئۆزلىرى مۆكتۈرۈپ قويغاندەك قايسى بىر كاۋاپدانىنىڭ ئالدىدىن، قايسى بىر سامساپەزخانىدىن ياكى بولمىسا قايسى بىر ئاشپۇزۇلدىن تېپىۋالىدۇ.

* * *

سەيدەم ئەپەندى بۈگۈنمۇ دەل سائىتىدە بازارنىڭ بېشىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئاق سانجىغان چاچلىرىنى رەتلىك تاراپ، شەپكىسىنى بىر تەرەپكە سەل قىيشايتىپ باستۇرۇپ كىيگەنىدى. پاكىز يۇيۇپ دەزماللانغان فورمىسى ئۇنىڭ قاۋۇل بەستىگە تېخىمۇ ھەيۋەت بېغىشلىغانىدى. ئۇنىڭ مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى ئوينىپ تۇراتتى. قازاق قىزىنىڭ مەڭزىدەك قىزىللىق تەپچىپ تۇرغان

گۆشلۈك مەڭزىدە ئۇيقۇسىغا قانغان ساغلام ئادەملەردىلا بولىدىغان بىر خىل پاكىزلىك ۋە نۇر جىلۋە قىلاتتى.

ئۇ قولتۇقىدىكى پورتفېلىنى مەھكەم قىسىپ، ياخشى مايلانغان كونا شىبلىتىنىڭ ئۆكچىسىنى بازارنىڭ بەزلىشىپ خۇددى ئۇنتۇپ قالغان پېتىر ناندەك قېتىپ كەتكەن يېرىگە چىك - چىك ئۇرۇپ، ئالدىرىماي مېڭىپ، يېڭىلا سويۇلغاچقا ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان سېمىز قوي گۆشىنى ئەمدىلا كانارغا ئېلىپ تۇرغان قاسساپنىڭ يېنىغا كەلدى.

— سالامۇئەلەيكۇم نۇر قاسساپ...

ھەدەپ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان نۇر قاسساپ چۆچۈپ كەتتى.

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام سەيدەم ئەپەندى، قانداقراق قوپاپلا.

— بۈگۈن ئىش باشقىمۇ؟... بىر دودىلا ئالتە قوي، ئىككى كالا دېسىلە...، — سەيدەم ئەپەندى كانارىدىكى لىغىرلاپ تۇرغان گۆشكە ئىمكىلىدى، — كارانتىن ۋە باج قەغەزىنى چىقارسىلا...

— ئوبدان تەقسىر... تولا ئوبدان...

نۇر قاسساپ ياغلىشاكغۇ قوللىرى بىلەن دوپپىسىنىڭ چېكىسىگە قىستۇرۇۋالغان بىر تۇتام قەغەزنى ئالدىراپ سەيدەم ئەپەندىگە ئۇزاتتى. سەيدەم ئەپەندى قەغەزلەرگە بىر ھازا تىكىلىگەندىن كېيىن نۇر قاسساپقا قايتۇرۇپ بەردى، ئاندىن نۇر قاسساپنىڭ جىگىنىڭ دەستىسىدىكى چېكىتلەرگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

— ماۋۇ ئىشكاپنى ئوبدانراق سۈرتۈۋەتسەلە، — دېدى سەيدەم ئەپەندى جىگىنى ئەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن.

— ئوبدان، ئەپەندىم. مانا ھازىرلا...

سەيدەم ئەپەندى قولتۇقىدىكى پورتفېلىنى تۇرغان پورتفېلىدىن بىر سومكىنى چىقىرىپ قاسساپنىڭ گۆش ئاسىدىغان ئۇزۇن ئىشكاپنىڭ ئايىغىغا قويۇپ قويدى.

— مائۇقەت بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن نۇراخۇن ئۇستام، ھېزى بولسىلا جۇمۇ، بىتى - ۋەسى كۆتۈرۈپ قاچمىسۇن، يېنىشىمدا ئېلىۋالىمەن... بىرسىنىڭ سومكىسى بىلەن تېگىشىلىپ كەتمىسۇن يەنە!

نۇر قاسساپ خۇددى گېلىغا ئۇستىخان تۇرۇپ قالغاندەك «غىققىدە» بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، بۇرۇتلىرى تىكلىشىپ كەتكەندى.

— ما... ما... ماقۇل تەقسىر... ھېزى بولىمىدىغان...، — دېدى نۇر قاسساپ ئاممىقى قورۇپ كەتكەندەك خىرقىراپ، — سىلىنىڭ بۇ سومكىلىرىنى ئانامنى تونۇغاندەك تونۇيمەن، تېگىشىلىپ كېتەمدىغان...

نۇر قاسساپ ئۇشتۇمتۇت «ھەق» تۇتۇۋالغاندەك سىلكىنىپ كەتتى. سەيدەم ئەپەندى پورتفېلىنى قولتۇقىغا قىسىپ كاۋاپدانغا كاۋاپ ئىزدىۋاتقان كاۋاپچى بالىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— قانداق بودەك، تونۇرامچاك ئۆشۈشاقلاپ كېتىپتىمۇ؟

كاۋاپچى بالا كاۋاپداندىن بېشىنى كۆتۈردى.

— كېلىلىك سەيدەمكا! ئەتىگەندە ئون زىخ پىشۇرۇپ بېرەمدىم... ئاتىنىڭ قېشىدەك چاي دەملىدىم.

— يەرنى ئوبدانراق سۈپۈرسەڭ بولمامدۇ؟ كۇندە دېيمەنمۇ ساڭا خورۇم پاتالاك!

كاۋاپچى بالاچىشىنى پارقىرىتىپ ھىجايدى.

— تىلىم بىلەن يالايمەنمۇ سەيدەمكا، ئەتىگەندە ما يەيدىغان نەرسىنىڭ گېپىنى قىلمىگە، ئون زىخ باسايمۇ؟

— ئەتىگەندە قورساقتا تېگىدۇ، تېخى ناشتا

قىلمىدىم، ھوشۇر مەنتاڭنىڭ ئاشپۇزۇلىغا كىرىپ بىر چىنە ئۈگرە ئىچىپ چىقاي، ئاندىن...

- ماقۇل ئەمىسە، توغرامچىنى سىزگىلا ئاتاپ راسلاپ تۇرىمەن جۇمۇ...

سەيدەم ئەپەندى كاۋاپچى بالىنىڭ پەشتىقىنىڭ ئاستىغا ئېگىشتى.

- تۈنۈگۈنكى پۇۋاگىدىن بارمۇ؟

- ۋاي بولمامدىغان سەيدەمكا، سىز ئۈچۈن جانمۇ بار دەگا...

- شىنجاڭ پۇۋسى بولسۇن جۇمۇ؟

- چاتاق يوق! قىرغىزنىڭ بوزىسىدەك ۋاژىلداپ تۇرىدىغىنىدىن دەگا!

سەيدەم ئەپەندى ھوشۇر مەنتاڭنىڭ ئاشپۇزۇلىغا قەدەم بېسىشى بىلەن تەڭ ئاشپۇزۇلنىڭ ئىچىدىكى ئاشپەز، ئىمكارلار پاي-پېتەك بولۇشۇپ كەتتى. ئاشپۇزۇل خوجايىنى ھوشۇر مەنتاڭ دېرىزە كۆزنىكىدىن سەيدەم ئەپەندىنى كۆرۈپ، قوللىرىنى پەشتامىغا سۈرتكىنىچە قازان بېشىدىن پالاقلاپ چىقىپ كەلدى.

ھوشۇر مەنتاڭ سەمرىپ گۆش كۆتىكىدەك يۇملاقلىشىپ كەتكەن ئادەم ئىدى.

- كەلسىلە ئەپەندىم، كەلسىلە ... خېرىدارنىڭ باش بۇرنى بولۇپ بىزنى يوقلاپ كىرىپلا، رەھمەت. سىلىگە ئوخشاش ئېتىكى ئوتلۇق، ئالدى ئوچۇق مېھمان كەچكىچە ئاشخانىمىزدا ئولتۇرۇپ بەرسىلە دۇكىنىمىزدىن خېرىدار ئۈزۈلمەي، ئوقىتىمىز سۇدەك يۈرۈشۈپ كېتىدۇ دېسىلە ...، - ھوشۇر مەنتاڭ ئون قەدەم ئارىلىقتا بىر تاغار گەپ قىلىۋېلىشىغا ئۈلگۈردى. ئۇ خۇددى كۆتەك دۇمىلىغاندەك يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە سەيدەم ئەپەندى بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشتى.

- قانداق، تەنلىرى تازىمۇ؟ ئۆزلىرى ئوبدان قوپاپلىمۇ؟ تۈنۈگۈنكى بوسو ئاخشامدىن بېرى قورساقلىرىنى ئەسمىگەندۇ؟ قېنى نېمىنى كۆڭۈللىرى تارتمىدىغاندەك تۇرىدۇ؟ ...

- ئۆزۈمنى تىڭشاپ قالدىم، ھېچ بىر نېمە يېگۈم يوققۇ؟ ...

سەيدەم ئەپەندى ئۇنىڭ تۈگىمەس گەپلىرىدىن بىزار بولغاندەك خالار-خالىماس جاۋاب بېرىپ، تاماق شىرەسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ھوشۇر مەنتاڭ پايپاسلاپ بېرىپ شىرەنى سۈرتۈپ، سەيدەم ئەپەندىنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى. ئاندىن قازان بېشى تەرەپكە قاراپ توۋلىدى:

- ھەي باللا! ما سەيدەم ئاكاڭلىغا چاچىنىڭ قىلىدەك قىلىپ، بىر چىنە ئۈگرە بىلەن تۆت يۈتازا ...، - ئاندىن سەيدەم ئەپەندىگە قاراپ:

- جىندەك تەخىر قىلىپ تۇرسىلا سەيدەمجان، ئۆزۈملا ... گاچچىدە...، - دېدى ۋە ئۆدەكتەك ئېغىناقلاپ قازان بېشى تەرەپكە يۈگۈردى.

* * *

بازارنىڭ ئايىغىدىكى بۇلۇڭدا بىر يېڭى ئاشپۇزۇل ئېچىلىپ تېخى بۈگۈنلا تىجارەت باشلىغانىدى. بۇ دۇكاننىڭ خوجايىنى قاسىم كېپەك دېگەن ئادەم بولۇپ، بازار قويۇۋېتىلگەندىن بۇيان، گاھ توخۇ-تۇخۇمچىلىق قىلىپ، گاھ ئېشەك بىدىكچىلىكى قىلىپ، گاھ كونا-يېڭىنى ئېلىپ سېتىپ جاھاندارچىلىق قىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، جان سانى جىق، باللىرى ئۇششاق بولغاچ «نان قېتىقىغا ئۈلگۈرمەي»، ئاخىرى ئىككى-ئۈچ ئاي پالاقشىپ يول مېڭىپ ھالىدىن كېتەي دېگەندە ئاشپۇزۇل ئېچىشقا تىجارەت كېنىشكىسى ھەل قىلغانىدى. لېكىن قېرىشقاندەك دۇكان ئورنى ھەل قىلالماي جىق رىيازەت چېكىپ، ئاخىرى مۇشۇ بازاردىن كىچىككىنە ئىككى ئېغىز دۇكانغا ئاران

www.uyghurkitap.com

ئېرىشكەن ۋە نۇرغۇن ھەشەم - دەرەم قىلىپ تېخى بۈگۈن قازانغا ئوت ياققانىدى. قاسىم كېپەك نامراتلىق ۋە جىددىي بىر تىيىننىڭ ئۈستىدە تىترەيدىغان، بىر ياماقنىڭ تۆشۈكىدىن نەچچە قېتىم ئۆتىدىغان، چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان، بەكمۇ خەسىس ئادەم ئىدى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «قاسىم كېپەك» دېيىشەتتى. ئۇنىڭ دۇكىنى ھەم سامسىخانا ھەم ئاشپۇزۇل بولۇپ، ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ ئىككى يېتىمەكنى ياللىۋالغانىدى. قاسىم كېپەك «خۇدا خالىسا دۇكاننىڭ تاپاۋىتى بىلەن ئاز كۈندە تۈك تاشلاپ تېتىلىپ قالىمەن» دەپ ئويلايتتى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن دۇكاننىڭ ئىچى - تېشىنى، تونۇر ۋە قازان بېشىنى ئادىراسمان بىلەن ئىسرىقداپ، تۇنجى تونۇرنىڭ سامسىسىنى قومۇرۇپ، ئاشنىڭ خېمىرىنى راسلاپ، گۆش، كۆكتاتلارنى توغراپ تەقلەپ قويۇپ، خېرىدارنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ، قۇرۇغان لەۋلىرىنى يالاپ دەككە - دۈككىدە ئولتۇراتتى.

بۇ ئاشپۇزۇل تېخى يېڭى ئېچىلغاچقا خېرىدارلار سەگگە سالماي ئۆتۈپ كېتىۋاتامدۇ، ياكى بازارنىڭ قاينايدىغان چېغىنىڭ تېخى ھايىلى بارمۇ، ئىشقىلىپ قاسىم كېپەكنىڭ ئاشپۇزۇلىغا تېخى بىرمۇ خېرىدار ئاياغ باسمىغانىدى. قاسىم كېپەك تونۇر بىلەن ئوچاقتىكى ئوتقا نەچچە قېتىم كۆل بېسىپ، نەچچە قېتىم چۇخچىلاپ چۈشكىچە ئاشپۇزۇل ئالدىدا ئاپتاپ سىنىپ ئولتۇردى. جىلتىلەر قۇرۇپ، تۈگۈپ قويغان سامسىنىڭ قىيمىسى سۇيۇلۇپ، جىلتىسى تېشىلىۋاتاتتى، لېكىن ئاشپۇزۇلغا بىرمۇ خېرىدار كىرىپ قويمىدى. قۇرۇپ كېتىۋاتقان جىلتە ۋە سۈيى ساقىۋاتقان تۈگۈكلۈك سامسىغا قاراپ قاسىم كېپەكنىڭ ئىچى تىتىلداپ كەيپى ئۇچماقتا ئىدى. ئۇ، كوچا تەرەپكە قاراپ پات - پات ئەلەم بىلەن ۋارقىراپ قويياتتى:

— ياغ سامسا ... كەلمەمسە ئوغاۋاللا ...

ئۇ بىرىپ - بىرىپ تۇۋلاشتىن زېرىكتى - دە، تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ، كۆزىنى پارقىرىتىپ ئولتۇردى.

بىركەمدە دۇكاننىڭ ئالدىغا بىر توپ ئادەم پەيدا بولدى - دە، دۇكانغا بويۇنداپ قارىغىلى تۇردى. ئۈگدەپ ئولتۇرغان قاسىم كېپەك ئۇلارنى كۆرۈپ خۇددى بىرسى ساغرىسىنى مۇتۇۋالغاندەك ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ ھېلىقى ئادەملەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى:

— كېلىشسىلە مېھمانلار، كېلىشسىلە، نېمە يېيىشىلا، كېلىشسىلە ...

ئۇلار 15 — 20 چە كىشى ئىدى، ئۇلاردىن بىرسى توپقا دېدى:

— مۇشۇ ئاشپۇزۇل خالىكەن ... جۇرۇڭلار مۇشۇنىڭغا كىرەيلى ...

قاسىم كېپەك ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى.

— قېنى - قېنى ... ۋاي باللا ... مېھمانغا چاي دەيمەن! — قاسىم كېپەك خۇشاللىقىدىن ئالا - تاغىل ۋارقىرىۋەتتى.

— بىز مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا ئىشلەۋاتقان قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى، ھازىرلا ئىشقا چۈشىمىز، ئۇزۇن ساقلىيالمايمىز، بىزگە ئالدى بىلەن ئۈچتىن سامسا، ئاندىن بىر تەخسىدىن سومەن كەلتۈرۈڭ ... چاققانراق ...

— مانا ھازىر! — قاسىم كېپەك تونۇر بېشىغا ئۆزىنى ئاتتى.

«ياپىردىم بىر قېتىمدىلا بىر تونۇر سامسا، 20 تەخسە سومەن ... خۇداغا رەھمەت ...»

قاسىم كېپەكنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە سامسىلارنى تەخسىلەرگە تىزىپ مېھمانلارغا تارتتى، بىر نىمكىدا بالا قىزدىق چاي قۇيدى. قاسىم كېپەك دەررۇ ساپلىقنى قولىغا ئالدى ۋە ناۋاي - ئاشپەزنىڭ

پىرى جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققىدە ئاتاپ پىچىرلاپ دۇرۇت ئوقۇشنى ئۇنتۇمىدى. قاسىم كېپەك خۇددى سېھىرگەرلەردەك چاققانلىق بىلەن چۆمۈچ - ساپلىقتىن ئوت چىقىرىپ، ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

ئاسماندىن چۈشكەندەك «توككىدە» پەيدا بولغان بۇ 20 خېرىدار قاسىم كېپەك ئۈچۈن گويا پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بىر ئامەت ئىدى. دېمىسىمۇ مۇشۇ ئاشپۇزۇل ئۈچۈن مەھەللە كومىتېتىدىن تارتىپ بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىگىچە تولا يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ كەشىنىڭ سوكى تېشىلىپ كەتكەنىدى. مۇبادا ئىش مۇشۇنداقلا يۈرۈشۈپ كەتسە ئۇنىڭ نەچچە ۋاقتىن تارتقان ھەرەجى بىر تەرەپتە قېلىپ، تۆنلەپ كىرىپىك قاقماي سوقۇپ چىققان چوتىنىڭ پايانىنى ئالاتتى. ئىشنىڭ ئولا كەلگىنىنى قارىمامدىغان، بۇلار مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا ئىشلەيدىغان ئىشچىلار ئىكەن، مۇبادا بۈگۈن بۇ خەقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالسا، مۇشۇ 20 ئۆتەك ئادەمنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى كۆتۈرۈۋالىدۇ - دە، بىر-ئەر سائەتنىڭ ئىچىدە 60 — 70 تەڭگە ئۇدۇل ئۇنىڭ يانچۇقىغا قاراپ شارقلايدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەڭگىلەر چوقتاڭنىڭ ئۈستىدە چېقىلغان چېقىلىپ تۇرسىمۇ ئۆكسۈپ قالمايدىغان نەق تاپاۋەت ئىدى. چۈنكى ئىشچى دېگەن يامغۇر - يېشىن، بوران - چاپقۇن، ئىسسىق - سوغۇق دېگەن بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان ئىشلەيدىغان چىڭ كىرىش خەقتە. ئۇلار ئىشقا كەلسە قورسىقىمۇ بىللە كېلىدۇ! كەلدى - كەتتىسىنىڭ قارايى يوق. 100 خېرىداردىن مانا مۇشۇنداق خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنىدە نەقتانا نەق 20 خېرىدار ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ شۇڭلا «ھەر نېمە قىلساڭ بىر نېمە قىل!» دېگەندەك بىر نېمە قىلىپ بولسىمۇ بۇ ئادەملەرنىڭ كانىيىدىن ئىلىپ، بۇ دۇكاندىن باشقا دۇكانغا ئۆرۈلۈپ قارىمايدىغان، باشقا ئاشپۇزۇلدىكى ئاشپەزلەرنىڭ ياغلىمىلىقىغا بولجۇمايدىغان چۆپقەت قىلىۋالماق كېرەك ...

قاسىم كېپەك نەدە يۈرۈپ ئاشپەز بولسۇن، لېكىن قۇتىمدەك ياسىداق پۈتۈن بىر سورۇك ئاشپۇزۇلغا خوجايىنمەن دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ بېلىنى باغلاپ چىققان ئادەمگە «بىلمەيمەن» دېيىش ھارام - دە! قاسىم كېپەك ئۇنىڭ - بۇنىڭ ئاشپۇزۇلىدا چۆپقەتچىلىك قىلىپ يۈرۈپ كۆرۈۋالغان، ئاڭلىۋالغان، ئۆگىنىۋالغان جېمى چوتۇرىنى تولۇق چۆرۈپ، بىرىنچى ساپلىق سومەننى قورىدى. ئاشنىڭ رەڭگى يامان ئەمەس چىققانىدى. تىمىرىك - تىرىك چۆپلەر ياغلىنىپ ساغۇچ يالتىراپ، لازا - پەمىدۇر، چىگسەيلەر ئاشنى تېخىمۇ رەڭلىتىپ تۇراتتى. ئاشنىڭ قارامۇچ، سىركە - جاڭيۇلىرىمۇ ئوبدانلا تېتىپتۇ... قاسىم كېپەك ئۆزىنىڭ بۇ تۇنجى ئەسىرىدىن مەمنۇن بولۇپ ھىجىيىپ قويدى ۋە ئاشنى قاۋۇت تەخسىگە بۆلۈپ چىقارتىۋېتىپ دەررۇ ئىككىنچى ساپلىققا تۇتۇش قىلدى. تۆتىنچى ساپلىققا بارمايلا قاسىم كېپەكنىڭ غولى قېتىپ، قوللىرى تېلىشقا باشلىدى. لېكىن خېرىدارلارنىڭ ئالدى قاچا بىكارلاپ بولغان بولسىمۇ ئايىغى لېۋىنى يالاپ ئولتۇراتتى. قاسىم كېپەك تېخى ئاشقا داخىل بولمىغان خېرىدارلارنىڭ «بەرمەسىنىڭ ئىشى پىشماس» دەپ پېشىنىنى قېقىپ گۈلدۈرلىشىپ چىقىپ كېتىشىدىن ۋايىم يەيتتى.

دېگەن بىلەن ئەزەلدىن قىلىپ كۆرمىگەن ئادەم ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلدۈرمەي بەش - ئالتە ساپلىق ئاش چىقارماق ئاسان ئەمەس ئىدى. بېرىپ - بېرىپ قاسىم كېپەكنىڭ بىلەكلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك

تېلىپ، بېلى چەمبىلداپ، تېزى تېترەشكە باشلىدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە باش - كۆزىدىن تەر قۇيۇلۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرى چىپىلداپ كەتتى. ئۇ «نەگە بېرىپ يېيىشسەڭ يېيىشمەمسەن؟ قېرى جېنىمنى سىلىپ بېرەيمۇ ئەمدى» دەپ ساپلىقنى چۆرۈۋەتكىلى تاس قالدى. لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلالمايتتى، چۈنكى «جەبرائىل جان دەيدۇ، ئالتە بالام نان دەيدۇ» دېگەندەك، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكى ئۇنىڭ غولىدىن بېسىپ، ئۆيدىكى 8 — 10 جۈپ كۆز ئۇنىڭغا قاراپ پارقىراپ تۇراتتى. مۇبادا مۇشۇ 20 خېرىداردىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا قاسىم كېپەك «بارغا پولدۇرۇڭ، يوققا قاراپ ئولتۇرۇڭ» دېگەندەك، خالىسا كېلىپ، بولمىسا دوكا ئاشپەزلەرنىڭ دۇكىنىغا قاراپ ئاقىدىغان خېرىدارلارغا تەلمۈرۈپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرماقتىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى. شۇڭا قاسىم كېپەك دېمى بوغۇلۇپ، ھاسىراپ، چارچىغىنىدىن ھېلىلا ئۆگدىسىغا ئۆرۈلۈپ چۈشكۈدەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي جىددىيلەپ ئىشلىمەكتە ئىدى.

دەل شۇ چاغدا ئاشپۇزۇلغا بازار باشقۇرۇش فورمىسى كىيگەن، قاۋۇل، كۆزى تېيىنمەسىز ھىمىدىراپ سوغۇق پارقىراپ تۇرىدىغان بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇ ئادەم ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ شىرەدە چۆرىدەپ ئولتۇرغان خېرىدارلارغا خۇددى تېرگاۋ ئۈستىدىكى ساقچىدەك بىر - بىرلەپ سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئاشخانىنىڭ تۆرۈسىدىن تارتىپ شىرە - ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغىچە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئاندىن تونۇر بېشىدىكى يوغان لېگەنگە بېسىقلىق قىيمىغا ئېگىشىپ خۇددى مۈشۈك گۆشنى ھىدلىغاندەك ھىدلاپ، چوكا بىلەن قىيمىنى ماللىتىلاپ ئىملەشتۈرۈپ كۆردى.

بۇ پەيتتە قاسىم كېپەك ھە دەپ ساپلىق بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ كىرگەن ئادەمنى كۆرمەي قالدى. ھېلىقى ئادەم بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ قازان بېشى تەرەپكە ئۆتتى. ئاندىن قازان بېشىدىكى چىنە - قاچا، ساپلىق - چۆمۈچلەردىن تارتىپ، گۆش - كۆكتاتلارغىچە سىنچىلاپ قاراپ چىقتى - دە، ھە دەپ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋاتقان قاسىم كېپەكنىڭ يېنىغا كېلىپ گېلىنى قىردى:

— ئۆھۆ؟

قاسىم كېپەك بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي ئىشىنى قىلىۋەردى. شۇ تاپتا ئۇ قازاندىكى سومەندىن باشقا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغانىدى.

بىر نىمكا بالا بايىقى ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مېھمان ئۆزلىرى نېمە يەيلىكەن؟

ھېلىقى ئادەم نىمكا بالىغا خۇددى توخۇسىنى ئوغرىلىۋالغان ئوغرىغا قارىغاندەك گۆلىيىپ قاراپ قويدى، ئاندىن خالار - خالىماس سورىدى:

— نېمە تاماق بار؟

— بوسو، لەڭمەن، ئاش مانتۇ، سامسا، يۇتازا، قورۇما شورپا، چۆچۈك شورپا، كۆك شورپا، ... نېمىنى خالىسىلا شۇ بار ئەپەندىم ...، — نىمكا بالا يادلىۋالغان تاماقلارنى ئۈنئالغۇدا قويغاندەك ئالدىراپ ۋە خاتاسىز يادلاپ چىقتى.

— چۆچۈرە ئىچەي چۆچۈرە ...

— چۆچۈرە يوق! چۆچۈرىخانىغا بارسىلا! — دېدى چارچىغىنىدىن جېنى ئۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان قاسىم كېپەك بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي توڭلۇق بىلەن. ھېلىقى ئادەم قاسىم كېپەكنىڭ قولىغا خۇددى تېشىۋېتىدىغاندەك بىر دەم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۈنچىقماي

ئارقىسىغا ئۆرۈلدى، ئاندىن خېرىدارلارغا خۇددى بىر نەرسىدىن خاۋاتىرلەنگەندەك لاپپىدە قاراپ قويۇپ ئاشپۇزۇلدىن چىقىپ كەتتى.

* * *

ئاخىرى قاسىم كېپەك بايىقى خېرىدارلارنى كۆڭۈلدىكىدەك مېھمان قىلىۋالدى. ئۇلارمۇ قاسىم كېپەكنىڭ مۇئامىلىسىدىن رازى بولۇپ، ھەر كۈنلۈك تاماقنى مۇشۇ دۇكانغا كېلىشكە ۋەدە بېرىپ، تامشىپ، كېكىردىشىپ چىقىپ كەتتى. قاسىم كېپەك ئۇلارنى كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ تازىم بىلەن يولغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن، ئۆرۈلۈپ ئەمدى دۇكان تەرەپكە مېڭىشىغا بىرسى چاقىرىپ قالدى:

— ھەي قاسىماخۇن!

قاسىم كېپەك ئۆرۈلۈپ قارىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا بايىقى باشقۇرۇش خادىمى تۇراتتى. قاسىم كېپەك بۇ ئادەمگە ئېگىلىپ سالام قىلدى.

— سالامۇ ئەلەيكۇم، خوش ئەپەندىم؟

ھېلىقى ئادەم يوپكىسىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ قاسىم كېپەككە سۇندى، ئۇنىڭ قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى.

— سىلىگە 30 كوي جەرىمانە كەلدى، مانا ماۋۇ سىلىگە بېرىلىدىغان جەرىمانە قەغىزى.

قاسىم كېپەكنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى.

— نېمە گەپ كادىر ئەپەندىم؟ نېمىشقا....

— نېمىشقىسىنى قويۇپ پۇلىنى تۆلەڭ! — دېدى بايىقى ئادەم قوپاللىق بىلەن قولىنى شىلتىپ، — ئاشخانىنىڭ تازىلىقى ناچار! يۇندىنى كوچىغا تۆكۈپسىز، گۆشىڭىز بىقىسىپ قالغان گۆش ئىكەن، ئەمدى ئۇقتىڭىزمۇ؟

— قاراپ تۇرۇپ كىشىنىڭ يۈزىگە قارا سۇۋۇمىسىلا ئەپەندىم، — دېدى قاسىم كېپەك زەردە بىلەن، — تېخى بۈگۈن ئەتىگەن سويغان مالنىڭ گۆشىتى - يا، ئۇ سارايدەك جاراڭلاپ تۇرغان دۇكاننىڭ قايېرى تازا ئەمەس ئىكەن؟

— تولا «كورۇ - كورۇك» قىلماي 30 كويىنى چىقىرىڭ! بولمىسا ھېلى تىجارەت كىنىشكىڭىزدىن ئايرىلىپ قالىسىز، — دېدى بايىقى ئادەم قاسىم كېپەككە يېۋېتىدىغاندەك ھومىيىپ، — بازار باشقۇرۇش كادىرىغا شىلتىڭ ئاتقاننىڭ ئايىغى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويماي يەنە!

قاسىم كېپەكنىڭ چىرايى قارىداپ، ساقال - بۇرۇتلىرى تىكلىشىپ كەتتى. قاسىم كېپەك شۇ تاپتا غەزەپتىن يېرىلاي دەپ قالغان بولسىمۇ، بۇ ئادەمنىڭ پەيلىدىن سەل چۆچۈپ قالدى. ئۇ ئۇزۇندىن بېرى بازاردا يۈرگەن ئادەم بولغاچقا، بۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ ئاخىرى قولىنى تۆش يانچۇقىغا ئۇزاتتى ۋە تىترەپ تۇرغان بارماقلىرىنى تۆكۈرۈپ ھۆللەپ تۇرۇپ 30 كوي پۇلنى سانىدى - دە، ھېلىقى كادىرغا ئۇزاتتى. كادىر پۇلنى تاپشۇرۇۋېلىپ قاسىم كېپەككە قول قويدۇرۇۋالغاندىن كېيىن كېتىپ قالدى. قاسىم كېپەك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چەكچەيگىنىچە قاراپ قالدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قاسىم كېپەك ئۇششۇمتۇت ساقىسىز بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بەدىنى ئوتتەك قىزىپ، ئۇستىخانلىرى چۇل - چۇل بولۇپ كەتكەندەك چېقىپ ئاغرىيتتى. ئۇ خۇددى كېسەل تەگكەن توخۇدەك ساقال - بۇرۇتلىرىنى ھۆرپەيتىپ دۇكاننىڭ بۇلۇڭىدا ئەلەملىك كۆزلىرىنى بىر بۇلۇڭغا تىككىنىچە شۈمشىيىپ كەچكىچە ئولتۇردى. شۇ تاپتا

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بايىقى ئوغرى ئېلىۋالغاندەك كېتىپ قالغان 80 كوي پۇل خۇددى بىر پارچە ئۆتتەك يېلىنجايتتى. ئۇنىڭ پۇل سالىدىغان تۆش يانچۇقىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يېيالىنىڭ ئاغزىچىلىك يېرى خۇددى بىر پارچە مۇزنى تېگىپ قويغاندەك مۇزلاپ سەزگۈسىنى يوقاتقانىدى. ئۇنىڭ پۇل سانىغان بارماقلىرى خۇددى تىكەن كىرىپ كەتكەندەك ئېچىشىپ ئاغرىيتتى. قاسىم كېپەك بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئون يىللىق قېرىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى سولىشىپ، خۇنۇك كۆزلىرىدىن ياش لىغىلداپ قالغانىدى.

قاسىم كېپەك شۇ تاپتا كالىدەك ھۆركىرەپ يىغلىۋەتمىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، شۇڭا نىمكا بالىلارمۇ ئۇنىڭدىن زۆرۈر بولغان گەپنىمۇ سورىيالماي، نېمە قىلارىنى بىلمىشەي گاڭگىراپ قېلىشتى ...

* * *

كېچىچە ئاچچىق يۇتۇپ، «ئاھ ئۇرۇپ ۋايجان-ۋايەي» لەپ تاڭنى بەكمۇ تەستە ئاتقۇزغان قاسىم كېپەك، بېشى ئاغرىپ، پۇت - قوللىرى تىترەپ تۇرغىنىغا قارىماي ئورنىدىن ئۆمىلەپ دېگۈدەك قوپتى. ئۇ بامدات نامىزىدىن يېنىپ ئۆيىگىمۇ كىرمەي ئۇدۇل دۇكانغا كەلدى - دە، نىمكا بالىلارنى ئويغاتتى. ئۇچەيلەن تېخى ئالدىنقى كۈنىلا ئاپئاق ئاقارتىپ، چىنىدەك تازىلىغان دۇكان، قازناقنىڭ ئىچى - تېشىنى، پەشخۇن، ئوچاقنىڭ ئاستى - ئۈستىنى قايتىدىن تازىلاپ يالتىرىتىۋەتتى. ئۇلار ئىشلىرىنى بىرەر قۇر تۈگەتكەندىن كېيىن، قاسىم كېپەك تېخى ئەمدىلا كېلىپ تۇرغان قاسساپنىڭ يېڭى سويغان قوي گۆشىدىن سېتىۋالدى.

قاسساپلار تونۇگۈن قاسىم كېپەكنى باسقان پالاكەتتىن خەۋەردار ئىكەن.

— سەيدەم خالتا بىر قارا باستۇرۇپتۇ - دە، — دېدى نۇر قاسساپ قاسىم كېپەككە گۆش تارتىپ بېرىۋېتىپ.

— خۇداغا قويدۇم! — دېدى قاسىم كېپەك ئەلەم بىلەن خورسىنىپ.

— سەيدەم چويلىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپسىلە جۇمۇ! «ئوغرىلى بولماس ئۇ كىشىنى، تىللىغىلى بولماس ئۇ كىشىنى» دېگەندەك ئۇنىڭ زىتىغا تېگەمدىغان؟

— نەدە يۈرۈپ ئۇنىڭغا گۇناھكار بولۇپ قالدىمكىن، ھېچ ئاڭقىرالمىدىم. نىمكا بالىلارنىڭ دېيىشىچە چۈشلۈكى دۇكانغا «چۆچۈرە ئىچىمەن» دەپ كىرىپتىكەن، بىر قولۇمنى ئون قىلالماي تۇرغان چېغىمدا «چۆچۈرە يوق» دەپ ساپتىمەن، بولغان گەپ شۇ! — دېدى قاسىم كېپەك يىغلامسىراپ، ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق 30 كوي پۇلنى يۈرىكىمنى سۇغۇرغاندەك چىرقىرىتىپ تۇرۇپ ئېلىپ كەتتى ئەمەسمۇ.

— مانا، مانا، مانا، دېمىدىممۇ؟ «چۆچۈرە يوق» دېگۈچە جان چىقىپ كەتسىمۇ بىرەرچىنە يوندا قىلىپ بەرسەڭلار بولمامدۇ، — دېدى نۇر قاسساپ يوتىسىغا شاپىلاقلاپ، — سەيدەم خالتا دېگەنچۇ، بۇ بازاردا يۈگەنسىز ئوتلاپ، ئىگەرسىز ئېغناپ يۈرگەن تاي ئەمەسمۇ؟

— سۇنىڭ سۈزۈكىنى، ئوتىنىڭ ئۇچىنى يەپ يايراپ يۈرگەن باغ پاخلىنى دەڭلا! — دېدى نۇر قاسساپقا قوشنا قاسساپ. ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ تۆت ئەتراپىغا خەۋپسىرەپ قاراپ قويدى.

— مېنىمۇ بىر زامان پوخادىن چىققۇچە ئانى تاپتى بۇ پولۇ يۈز. ئاق دەپمۇ ئالىدۇ بۇ پاكەننى ①، كۆك دەپمۇ ئالىدۇ بۇ پاكەننى ... تاس قالدىم «گاڭسا - جىسا» بولۇپ بازارنى تاشلاپ قاچقىلى ... ئاخىرى بولماي ...

① پاكۈن — جەرىمانە.

قاسىم كېپەك ئۇنىڭ ئاغزىغا تەلمۈردى:

— ھە... ئاخىرىچۇ؟ قانداق قۇتۇلدىڭلا بۇ مەرەزدىن؟

— قارىسام، جىنىڭ قەستى شاپتۇلدىكەن. بىر كۈنى «سومكام تۇرۇپ تۇرسۇن، كەچقۇرۇن ئېلىۋالىمەن» دەپ بىر سومكىنى تاشلاپ قويدى. دەسلەپىدە «مېنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ ماقۇلغاتتاق؟» دەپ جۇدۇنۇم تۇتتى، ئاس قالدىم بېشىغىلا جىغۇەتكىلى ئەسكى سومكىنى، تۇرۇپلا خىيال قىلسام ئۇنىڭ تېگىدە گەپ باركەن. «خوپ تەقسىر» دېدىم-دە، سومكىنى ئېلىپ قالدىم. كەچقۇرۇن بىر پۇت گۆشنى سومكىغا تىقتىم، سەيدەم خالتا شۇ ھامانلا ماراپ تۇرغاندەك پەيدا بولدى-دە، ھېچ ئۇندىمەي سومكىنى قۇشتەك كۆتۈردى-دە، كەتتى... شۇنىڭ بىلەن «پاكەن» دېگەن باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلدۇم. لېكىنزە پاكەندىن قۇتۇلغان بىلەن ئۈچ كۈندە بىر قېتىم سومكا ساقلاپ بېرىدىغان بولدۇم... قاسىماخۇن، ناۋادا بۇ بازاردا جان باقاي دېسەڭلە ھېلىغۇ چۆچۈرىدىكەن «توخۇنىڭ سۈتىدە ئاش قىلىپ بەر» دېسىمۇ غىڭ قىلماسلا... بولمىسا...

— ھېلىغۇ سىلى بىز، — دېدى بايىقى قوشنا قاساپ ئاۋازىنى پەس قىلىپ، — ئۇنى كۆرگەندە قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتمىسا، مۇشۇ بازارغا كىرىپ قالغان لالما قانجۇقنىمۇ پاكەن ئالىدۇ، سەيدەم دېگەن بۇ مۇناپىق...

قاسىم كېپەك خۇددى چۆكىلىتىپ قويۇپ بەرگەندەك خاراموش ھالەتتە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى... چۈشلۈكى ھېلىقى چۆپقەتلەر يەنە كېلىشتى. ئۇلارنى كۆرۈپ قاسىم كېپەكنىڭ سولاشقان يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرۈپ كۆڭلىدىكى غەشلىك سەل نېرى بولغاندەك بولۇپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. قاسىم كېپەك ئۇلارنى سالام-سائەتلەر بىلەن كۈتۈۋېلىپ ئالدىغا قىزىق چاي قويدى-دە، چۆمۈچ بىلەن ساپلىقنى قولىغا ئالدى.

ئۇ، ئۈچىنچى ساپلىق سومەننى قورۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا سەيدەم ئەپەندى ئاشخانىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولدى. قاسىم كېپەك ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرە-كۆرمەيلا ساپلىقنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

— كەلسىلە سەيدەمجان، كەلسىلە... بىر چىنە ئاش قىلىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى قاسىم كېپەك شىرەنى ئۆز قولى بىلەن سۈرتۈپ، سەيدەم ئەپەندىنى تەكەللۇپ بىلەن ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن.

— ياق، كۆڭلۈم زادى بىر نېمە تارتمايدۇغۇ، سەل قورقاق تۇتۇۋالدىمىكىن... — دېدى سەيدەم ئەپەندى ئەزىمىلىك بىلەن.

— ياق ئۇنداق دېمىسىلە... بىزنىڭ دۇكاننىڭ تۇزىنىمۇ تېتىپ باقسىلا... سىلىگە ئوخشىتىپ بىر چىنە چۆچۈرە قىلىپ بېرەي، قوقاقنى ئالىدۇ.

سەيدەم ئەپەندى قاسىم كېپەكتىكى بۇ ئۆزگىرىشتىن مەمنۇن بولغاندەك ھىجايدى.

— ئەمىسە تۆت تال جۇمۇ، تۆت تال...

— تولا ئوبدان... جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، ھازىرلا تەييار بولىدۇ.

قاسىم كېپەك دەررۇ سامسىنىڭ خېمىرىنى نېپىزلىتىپ كەستى ۋە ئاسقۇدىكى گۆشنىڭ ياغلىق يېرىدىن پەشلەپ ئايرىم قىيما قىلغىلى تۇردى. ئۇ، ھايتىنى ھۆيت دېگۈچە تىرناقتەك تۈگۈپ بىر چىنە شورپىلىق چۆچۈرە راسلىدى-دە، چۆچۈرىنىڭ يۈزىگە ئاپىدىيان، قارامۇچ سېپىپ سەيدەم ئەپەندىنىڭ ئالدىغا ئۆزى ئەپچىقتى.

— قېنى سەيدەمجان ئېغىز تېگىپ باقسىلا...

سەيدەم ئەپەندى يۈزىدە ماي تورامچىسى لەيلەپ، شورپىسى ۋىلىلداپ تۇرغان چۆچۈرىگە

ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ قويدى-دە، پىخىلداپ ئولتۇرۇپ ئىچىشكە باشلىدى. ئارىلىقتا قاسىم كېپەك ھېلىقى مېھمانلارنىمۇ ئۇزىتىۋالدى.

— قوللىرى تەمىلىككەنجۇمۇ قاسىم ئۇستام، — دېدى سەيدەم ئەپەندى قاچىنى بىكارلاپ بولغاندىن كېيىن، — ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگۈدەك مەززىلىك ئاش بوپتۇ. سەيدەمنىڭ يۈزى قىزىرىپ، باش-كۆزىدىن تەر قۇيۇلماقتا ئىدى.

قاسىم كېپەك سەيدەم ئەپەندىنىڭ رازى بولغىنىغا كۆزى يېتىپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.

— يەنە يېرىم چىنە ئىچىۋالامالا ئەپەندىم؟

— ياق... ياق. تۇل خوتۇننىڭ مۈزىيىدەك تويۇپ كېتىپتىمەن... بۇنىڭ پۇلىنى...، — دېدى سەيدەم ئەپەندى پاكىز يۇيۇپ قاتلانغان ياغلىق بىلەن ئاغزى-بېشىنى سۈرتكەچ.

— يوغىسۇ... يوغىسۇ... چاغلىق نەرسە... بىزنىڭ كۆڭلىمىز دېسىلە ئۇ...

سەيدەم ئەپەندى ئورنىدىن تۇردى-دە بىرنى كېكىرىۋېتىپ، ھەلەپكە قويغان ئىنەكتەك پۇشۇلداپ، ھورۇنلۇق بىلەن چامداپ دۇكاندىن چىقتى.

— كۆڭۈللىرى تارتقان ھامان كەلسىلە سەيدەمجان، قولۇم كۆكسۈمدە، خىزمەتلىرىدە بولىمەن...

قاسىم كېپەك سەيدەم ئەپەندىنى كوچىغا ئۇزىتىپ قويدى.

* * *

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن قاسىم كېپەك جەرىمانىدىن قۇتۇلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئورنىغا ھەر كۈنى چۈشتە بىر چىنە چۆچۈرە ئالۋاڭ بولۇپ قوشۇلدى.

سەيدەم ئەپەندى ھەر كۈنى چۈشتە دەل ۋاقتىدا يېتىپ كېلەتتى، ئۇ چۆچۈرىدىن باشقا ھېچنەرسە يېمەيتتى. قاسىم كېپەك ھەر قانداق ئەھۋالدىمۇ سەيدەم ئەپەندىنى رازى قىلىشقا تىرىشاتتى. بىكارغا كېتىۋاتقان بىر چىنە چۆچۈرىگە قاسىم كېپەكنىڭ ئىچى ئېچىشىۋاتسىمۇ، ئۇنى بىلىندۈرمەيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ قاسساپنىڭ ھالىغا ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆزىگە ھاي بېرەتتى. گەرچە قاسىم كېپەكنىڭ ئاشپۇزۇلىغا باشقا كەلدى-كەتتى خېرىدارلارمۇ ئۆگەنگەن بولسىمۇ ھېلىقى 20 نەپەر ئىشچى قاسىم كېپەكنىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى سەيدەم ئەپەندىنىڭ «ئالۋىڭى» قاسىم كېپەكنى جېنىدىن جاق تويدۇرۇۋەتتى.

بىرەر سان گۆشنى قاسساپقا ھېچگەپ بولمىغىنى بىلەن قاسىم كېپەككە خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى بىكاردىن-بىكارغا كېتىۋاتقان بىر چىنە شورپىلىق چۆچۈرە، كۆتۈرۈپ قويغۇسىز زىياندەك تۇيۇلۇپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى چېقىشقا باشلىدى. بۇمۇغۇ بىر نۆۋە، سەيدەم دېگەن بۇ تېجىمەل ساقلاپ تۇرغاندەك ھەر كۈنى چۈشلۈكى كېلەتتى. چۈش ۋاقتى ئاشپۇزۇلنىڭ ئەڭ قاينايدىغان سائىتى بولۇپ، ئاشۇ بىر سائەت ۋاقىتنى چەك ئۆتتالمىغان ئاشپەز كەچكىچە چېۋىن قورۇپ ئولتۇرۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاسىم كېپەك جېنى چىقماي كەتكەن تەقدىردىمۇ بايىقى چۆپقەتلىرىنىڭ كۆڭلىنى قالدۇرۇپ قويسا بولمايتتى. شۇڭا قاسىم كېپەك چۈش ۋاقتى جېمى نەرسىنى ئۇنتۇپ ساپلىققا يېپىشاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ياشىنىپ قالغان ئادەم بولغاچقا بۇ «چاپ-چاپ» بازار ۋاقتى ئۇنى بىردەمدىلا ھالسىرىتىپ پۇتىنى يۆتكىگۈسىز قىلىۋېتەتتى. سەيدەم ئەپەندى دەل مۇشۇ چاغقۇرۇنچىلىقنىڭ ئۈستىدىن چۈشەتتى-دە، خۇددى قەرزىنى سۈيلەپ كەلگەن گۆرۈكەشتەك لېۋىنى يالاپ، كۆزىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇۋالاتتى. بۇ چاغدا قاسىم

كېپەك قىلىۋاتقان ئېشىنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا چىقمىسا، ئۆز قولى بىلەن بىر پىيالە چاي تۇتمىسا، ئاندىن باشقىدىن قىيما قىلىپ دەررۇ چۆچۈرىگە تۇتۇش قىلمىسا بولمايتتى. بۇنداق چاغدا قاسىم كېپەك ئىلگىدە سەيدەم ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەپ تۇرسىمۇ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئىككى قوۋۇز ياغلىما گەپ قىلىشقا مەجبۇر ئىدى، بۇنىسى ھەممىدىن ئېغىر ئىدى. قاسىم كېپەك دەسلەپتە لېۋىنى چىشلەپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسىمۇ، بېرىپ - بېرىپ بۇ خورلۇققا زادىلا چىدىغۇچىلىكى قالمىدى. لېكىن ئامال قانچە؟ شۇنچە ئادەمنىڭ كۈچى يەتمىگەن سەيدەم خالتىنى ئاشخانىسىدىن تەزدۇرمەككە ئۇنىڭ چامى يېتەمدۇ...

يېقىندىن بۇيان ھەر كۈنى كۈن چۈشكە قايرىلغاندا قاسىم كېپەكنى بىر غەيرىي سېزىم قىينايدىغان بولۇپ قالدى. نېمىشقىدۇر ئۇ خۇددى بىر كىشىنى كۈتكەندەك پات - پات تالاغا قارايدىغان، ناۋادا كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن «پىچىر - كۇسۇر» قىلىشسا، قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىۋېلىشقا تىرىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ نېمىنىدۇر كۈتەتتى، كىمنىدۇر كۈتەتتى، كۈتكەندىمۇ قاتتىق ئىشەنچ بىلەن تاقەتسىزلىنىپ كۈتەتتى. ئۇ كىمنى كۈتىدۇ؟ ئۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇر قاسساپنىڭ ياكى ھەسەن تۇرپاقنىڭ يا بولمىسا سەلەي كاۋاپنىڭ ياكى قايسى بىر خېرىدارنىڭ ئاشپۇزۇلنىڭ ئىشىكىدىن پالاقلاپ يۈگۈرۈپ كىرگىنىچە «ھۆكۈمەت، سەيدەم چويلىنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىپتۇ!» دېگەن بىر خەۋەرنى جاكارلايدىغانلىقىغا ئىمانى بىلەن ئىشىنەتتى. ئۇ پات - پات ئىشىككە قاراپ، ئاشۇ خەۋەرنى كۈتۈپ، كېلىدىغان بىرسىنى كۈتەتتى. قاسىم كېپەك مۇبادا بىرسى مۇشۇنداق خەۋەرنى كۆتۈرۈپ كەلسە، خۇشلۇقىدىن «پاگىدە» يېرىلىپ كېتەرمەنمۇ دەپ ئويلايتتى. لېكىن ھازىرغىچە ھېچكىم مۇنداق خەۋەرنى كۆتۈرۈپ كەلمىدى. ھېچ بولمىغاندا «سەيدەم خالتىنى ئاپتوبۇس سوقۇۋېتىپتۇ، جان تالىشىپ ياتىمىش!» دېگەن خەۋەر بولسىمىغۇ كاشكى! مۇبادا ئاشۇنداق ئىش سادىر بولسا، قاسىم كېپەك چوڭ كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئەلنىڭ كۆزىچە تۇمىقىنى ئاسمانغا ئاتار ئىدى، يا بولمىسا شۇ خەۋەرنى كۆتۈرۈپ كەلگەن ئادەمنىڭ چېكىسىگە سۆيۈنچە ئۈچۈن چەداپ تۇرۇپ ئون كوي پۇل قىستۇرۇپ قويار ئىدى. ئەمما...

سەيدەم ئەپەندى بۈگۈنمۇ دەل چۈشلۈك قاتىلاڭچىلىقنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى. ئۇ ئادىتى بويىچە ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى ئازنا مەسچىتىنىڭ تۈۋرۈكىدەك گىدىيىپ تۇرغىنىچە خېرىدارلارغا سوراقچىدەك بىر - بىرلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، قەدەملىرىنى ئالدىرىماي يۆتكەپ، پۇشۇلدىغىنىچە ئۆزىگە خاس ئورۇن قىلىۋالغان يالغۇز شىرەگە جايلاشتى. قاسىم كېپەك تۈكۈرۈكىنى تەسلىكتە يۇتۇپ ئۇنىڭغا «كۆرۈنۈش» قىلغاندىن كېيىن، كۈندە بىر خىل داۋام قىلىدىغان «خىزمەت» تەرتىپى بويىچە قىزىق چاي كەلتۈردى. ھاۋادىن، نەرقىناۋادىن ئىككى ئېغىز مۇڭداشقاندەك بولدى. ئاندىن يېڭى گۆشتىن پەشلەپ چۆچۈرە قىيمىسى قىلىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. قاسىم كېپەك قازان بېشىغا كېلەر - كەلمەستىنلا سەيدەم ئەپەندىنىڭ مومىسىدىن تارتىپ 70 پۇشتىغىچە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىۋەتتى ۋە گۆشنى دۈشمىگە تاشلاپ زەردە بىلەن قىڭراقنى قولىغا ئالدى. ئۇ دەسلەپتە بىر باش پىيازنى يۇمشاق چانىۋالغاندىن كېيىن گۆشنى ئۇششاقداپ تۇغراشقا باشلىدى. قىڭراق شەمشەردەك

ئىتتىك ئىدى. قىڭراقنىڭ تېخى گۆشكە تېگە - تەگمەستىن سېمىز گۆش خۇددى ماشىنىدا كېسىلگەن چۆپتەك ئىنچىكە، ئۇزۇن تالا بولۇپ چىقاتتى. قاسىم كېپەك گۆشنى ئىنچىكە تالا قىلىۋالغاندىن كېيىن، گۆشنى خۇددى كىيىم تىكىش ماشىنىسىدەك ئىنتايىن تېزلىكتە توغراشقا باشلىدى. ئۇ ھازىر ئىت - ئىتلىق، خورلۇق ۋە غەزەپ ئىلكىدە پۇچۇلىناتتى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆزىگە نە پىياز، نە گۆش، نە قىڭراق كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ كەمگىچە ئاش ساقلاپ ئولتۇرغان خېرىدارنىڭ ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك ئاشپۇزۇلنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ قېلىشىدىن تېخى قورقاتتى. شۇڭا ئۇ ھازىر ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئاخىرقى قۇۋۋىتىنى جورىماقتا ئىدى.

گۆش توغرىلىپ بولاي دېدى. ئۇ ئاخىرقى بىر تال گۆش تالاسىنى توغراۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت سول قولىنىڭ چىمچىلاق بارمىقى «چىم» قىلغاندەك بولدى. قاسىم كېپەك قولىنى دەررۇ دۈشمەدىن تارتىپ چىمچىلىقىغا قارىدى. ئۆتكۈر قىڭراق چىمچىلاق بارمىقىنىڭ ئۇچىنى تىلىپ تاشلىغانىدى. چىمچىلاقنىڭ ئۇچى خۇددى بېلىقنىڭ ئاغزىدەك ئېچىلىپ، ئۇستىخىنى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ چىمچىلىقىدىن شۇرقىراپ قان ئېقىۋاتاتتى. مىڭ تەسلىكتە توغراپ تەييار قىلغان قىيما ھەش - پەش دېگۈچە قىپقىزىل ۋە ئىسسىق قانغا بويالدى. دۈشە ئۈستىدىكى پىياز توغرامچىسى خۇددى ئۈستىگە قىزىل سىيا تۆكۈۋەتكەندەك قىپقىزىل بولۇپ رەڭلەندى. قاسىم كېپەك ئاچچىقىدا قىڭراقنى چۆرۈۋېتىپ قان چىقىۋاتقان چىمچىلىقىنى پەشتامىسىنىڭ ئېتىكى بىلەن مەھكەم بېسىۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قان توختىدى.

قاسىم كېپەك قان بىلەن بويالغان قىيمىغا يىغلىۋېتىدىغاندەك بىر بىچارىلىك ئىچىدە تىكىلدى. قانداق قىلسۇن؟ شۇنچە قىيما بىكارغا بۇزۇلۇپ كېتەمدۇ؟ بىر مۇنچە قېنىدىن ئايرىلغىنىنى ئاز دېگەندەك، بىر مۇنچە گۆش زىيان بولىدىغان بولدى-دە!

ئۇ ئالتە بالىنى باقىمەن دەپ قېرىغان چېغىدا پۇل ئۈچۈن نېمە كۈننى كۆرۈۋاتىدۇ؟ قارىمامدىغان، قولىدىن بىر قوينىڭ قېنىدەك قان چىقىپ كەتتى. قان دېگەننىمۇ قان، ئەمما پۇل دېگەن جان ئەمەسمۇ! خەپ تېجىمەل! خەپ كىسپۇرۇش، خەپ تاپقا تويمايدىغان يۈزى قېلىن لالما ئىت! جاجاڭنى بېرىپ، سېنىڭ زورلىۋانلىقىڭنى مەسكىن بېشىمدىن كۆتۈرىدىغان خۇدانىڭ بىر كۈنىمۇ كېلەر! ئېشىك ئارتىپ، قورسىقىڭ ئېچىلىپ ئۆلەرسەن ھارامتاماق! تويماس قارنىڭ تېزەك تاغىرى يېرىلغاندەك يېرىلىپ كەتسۇن ئىلاھىم!

قاسىم كېپەككە شۇ تاپتا پىچاق كېسىۋەتكەن چىمچىلىقىنىڭ ئاغرىقىدىن كۆرە، ئۇنىڭغا كېلىۋاتقان خورلۇق ھەم بىر مۇنچە قىيمىنىڭ قاراپ تۇرۇپ زايا بولۇپ كېتىشى ھار كەلگەنىدى.

ئۇ قانغا چىلىنىپ بۇزۇلۇپ كەتكەن قىيمىغا پەرىشانلىق ۋە ئېچىنىش ئىچىدە چەكچىيىپ بىر ھازاغىچە تۇرۇپ قالدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۇشتۇمتۇت بىر غەلىتە خىيال كىرىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئويلاپ تۇرمايلا كۈندىكىدەك سامسىنىڭ جىلتىنى يېيىپ كېسىپ چۆچۈرە جىلتىسى قىلىپ، ئادەم قېنىغا مىلەنگەن قىيمىنى تۈگۈشكە باشلىدى.

قاسىم كېپەك چۆچۈرىنى پىشۇرۇپ، قاچىغا ئۇسۇپ، دورا - دەرمان سېپىپ، بەزگە تەلمۈرگەن مۇشۇكتەك كۆزىنى پارقىرىتىپ

ئولتۇرغان سەيدەم ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. سەيدەم ئەپەندى يانچۇقىدا ئالايىتەن ساقلايدىغان قوشۇقىنى چىقىرىپ، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قىزىق چۆچۈرىگە بېشىچىلاپ يېيىشتى.

* * *

قاسىم كېپەك سەيدەم ئەپەندى چۆچۈرىنى ئىچىپ چىقىپ كەتكىچە دەككە - دۈككىدە ئالغان - قويغىنىنى بىلمەي يۈردى. سەيدەم ئەپەندى چۆچۈرىنى ئىچىپ بولغاندا «دودۇق - بۇدۇق» بولۇپ سەيدەم ئەپەندىنى ئاران ئۇزاتتى. سەيدەم ئەپەندى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىر «ئۇھ» دېدى - دە، ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلاپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ قىلىغىنىدىن بىر تۇرۇپ ئويۇلاتتى، بىر تۇرۇپ ئازابلىناتتى، يەنە بىر تۇرۇپ قورقۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قولى زادى ئىشقا بارمىدى. ئۇ شۇ ئولتۇرغىنىچە بىر ھازا خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇردى. بىر چاغدا قاسىم كېپەك ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن بىر غەيرىي سېزىمنى سېزىپ قالدى. تۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل غەلىتە تۇيغۇ چۇلغىۋالدى. بۇ تۇيغۇ خاپىلىقمىكىن دېسە خاپىلىققا، ئۇيياتمىكىن دېسە ئۇيياتقا، ئازابمىكىن دېسە ئازابقا، غەزەپمىكىن دېسە غەزەپكە ئوخشىمايتتى. خۇددى ئۇنىڭ بىر يېرىنى غىدىقلىغاندەك بىر يەڭگىل شېرىن سېزىم خۇددى قازاندىن ئۆرلىگەن ھورغا ئوخشاش ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنى ئورىماقتا ئىدى. گويا بىر يۇمشاق ۋە نازۇك قول ئۇنىڭ سول تەرەپ ئەت يېنىنى سىلاۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا بىردىنلا غىدىق ئولاشتى. قاسىم كېپەك ئۆزىدىن ھەيران بولدى. ئۇ شۇنىچىلىك بولغىچە بۇنداق غەلىتە ھالەتنى تېخى بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ، بۇ سېزىمنىڭ قانداق سېزىم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىدى. بۇ تۇيغۇ گويا بىر خۇشلۇققا - بىر قىساسكارنىڭ ئىنتىقام ئالغاندىن كېيىنكى غالىبانە خۇشاللىقىغا ئوخشاشقاندەك قىلاتتى. ئەڭ قىزىق يېرى، بۇ خۇشاللىق ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ سول ياتىسىدىلا كۆرۈلۈۋاتاتتى. ئوڭ ياتىسىغا بولسا ئادەتتىكىدەك ئۇنى قىيناۋاتقان خورلۇق، غەزەپ، تىت-تىتلىق ھۆكۈمران ئىدى. بىر چاغدا قاسىم كېپەك ئۆزىنىڭ سول ياتىسىنىڭ خۇددى كۈلگەندەك تارتىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ چۆچۈپ كەتتى. راستىنلا ئۇنىڭ سول تەرىپى كۈلۈۋاتاتتى. قاسىم كېپەك سول قولى بىلەن ئۆزىنىڭ يۈز - كۆزىنى سىلاپ باقتى. قاسىم كېپەك ئۆزى كۈلمىگەنىدى، لېكىن ئۇنىڭ سول تەرىپى راستىنلا كۈلۈۋاتاتتى. قاسىم كېپەك ئۆزىنىڭ بەدىنىدە سادىر بولۇۋاتقان بۇ ھالەتكە ھەيران قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈز - كۆزىنى سىلاۋېتىپ قولى ئۆزىنىڭ بىر تۇتام يۇمغاقسۇتتەك چىچىلىپ تۇرغان ساقىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەندە، كۆزى بايا قىڭغىراق كېسىۋالغان چىمچىلىقىغا چۈشتى - دە، داڭ قېتىپ قالدى. دەرۋەقە ئۇنىڭ چىمچىلاق قولى ھەدەپ كۈلۈۋاتاتتى. چىمچىلاقنىڭ قىڭغىراق تىلىۋېتىلگەن يېرى خۇددى ئادەمنىڭ ئاغزىغا ئوخشاش گاھ يوغان ئېچىلىپ، گاھ يۇمۇلاتتى. چىمچىلاقنىڭ تىلىنغان يېرى ھەر بىر ئېچىلغاندا چىمچىلاقنىڭ ئېتىدىكى ئۇششاق سىزىقچىلار قورۇلۇپ خۇددى كۈلۈۋاتقان ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ چۆرىسىدىكى كۈلكە قورۇقىغا ئوخشاپ قالاتتى. چىمچىلاقنىڭ ئاغزى يېپىلغاندا خۇددى كۈلكىسىنى تۇختىتالمايۋاتقان ئادەمنىڭ لېۋىدەك ھىمىرىلىپ

www.uyghurkitap.com

توختاۋسىز مىدىرلايتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ تېنىگە تارقىغان بايىقى سېزىم ئەنە شۇ چىمچىلاقتىن تارقىغان سېزىم ئىكەن. قىڭغىراق ئۇنىڭ سول قولىنىڭ چىمچىلىقىنى كېسىۋەتكەچكە، ئۇ سېزىم پەقەت ئۇنىڭ سول تەرىپىدىلا زاھىر بولغانىكەن.

«تووۋا! — دەپ ئويلىدى قاسىم كېپەك ۋەھىمە ئىچىدە، — مەن نېمە كۆرۈۋاتىمەن شۇ تاپتا! ئادەم كۈلمەي ئادەمنىڭ بىر ئەزاسى كۈلگىنىنى قۇلاق ئىشىتمىگىنىدا بۇ كەمگىچە!... ئاز - مۇزلۇقتىن، ئەقلىي ئازغۇنلۇقتىن، شامالدىن، روھىي بېتاپلىقتىن ساقلىغايسەن خۇدايا، خۇداۋەندە كېرىم. مېنىڭ كۆزۈمگە شەيتان كۆرۈنۈۋاتامدۇيا، ئۆزۈمنىڭ چىمچىلىقىمۇ؟»

قاسىم كېپەك ئوڭ قولىنىڭ بارمىقى بىلەن ھېلىقى چىمچىلىقىنى مەھكەم قىسىپ تارتىپ باقتى. بەرھەق، ئۆزىنىڭ چىمچىلىقىكەن! شۇنچە راھەتلىنىپ، بەخىرامان، شۇنچە ھوزۇر بىلەن كۈلۈۋاتامدۇيا، تېخى!

قاسىم كېپەك ئۆزى بىلمىدىغان ئايەتنىڭ ھەممىسىنى باش بويىدىن پىچىرلاپ، ئۆزىگە ئارقىمۇ - ئارقا سۈپكەشلەپ دۇرۇت ئوقۇدى. ئۇ دۇرۇت ئوقۇۋېتىپ بۇ چىمچىلاقنىڭ بايا پىچاق كېسىۋەتكەندىمۇ زادىلا ئاغرىمىغانلىقىنى، ئۆتكۈر تىغدا تىلىنىپ بېلىقنىڭ ئاغزىدەك ئېچىلىپ قالغان بولسىمۇ ئۆزىگە پاشا چاققانچىلىكمۇ بىلىنمىگەنلىكىنى، ئەكسىچە ئاغرىقنىڭ ئورنىغا، بۇ چىمچىلاقتا بىر شېرىن غىدىق — بىر تاتلىق خۇشاللىقنىڭ ئۇرغۇپ تېشىپ تۇرغانلىقىنى ئەسلەپ قالدىدە، تېخىمۇ ھەيران قالدى.

قاسىم كېپەك بەدىنىنىڭ ئوڭ ياتىمىسىنى خورلۇق، غەزەپ، ئىت - ئىتلىق ئۆرتەپ تۇرغان، سول ياتىمىسىنى بولسا خۇددى تويى بولىدىغان يىگىتلا چۈشىنەلەيدىغان خۇشاللىقتەك بىر چۈشىنىكسىز شېرىن خۇشاللىق قىتىقلاپ تۇرغان ھالەتتە كۈننى ئارانلا كەچ قىلدى. ھازىر ئۇنىڭ تەڭ ياتىمىسى قاسىم كېپەكنىڭ ئۆزى، تەڭ ياتىمىسى قانداقتۇر ناتونۇش يوچۇن بىر كىشى ئىدى. ئۇ، بۇ سىرنىڭ تەكتىگە زادىلا يېتەلمىدى، ئويلاپ - ئويلاپ كاللىسى ئايلاندى، بىرسىگە ئېيتاي دېسە، ئۆزىنىڭ خەققە ئادەم قېنى ئىچۈرگەنلىكىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقتى. مۇبادا ئۇ پاش بولۇپ قالمىدىغان بولسا ئەل - جامائەتنىڭ ئىچىدە چالما كېسەكتە ئۆلمەي قالغان تەقدىردىمۇ، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ دۇكىنىنى شۇ ھامان پېچەتلەپ، پۇت- قولىنى بوغۇشلاپ يەرگە تەگكۈزمەي ئاپىرىدىغان يەرگە ئاپىرىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ ھېچكىمگە «لام - جىم» دېمەي دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆيىگە كەتتى ۋە تەرەت ئېلىپ خۇپتەن نامىزىغا يۈگۈردى. ناماز ۋاقتىدا ئىمامىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا زادى كىرمىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئۆزىنىڭ بۈگۈن سادىر قىلغان ئېغىر گۇناھى ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەپ، بىر ۋاخ نامازنى تۆۋە ئىستىغپار بىلەن ئىنتايىن چۈشكۈن ۋە پەرىشانلىق ئىچىدە ئادا قىلغان بولدى.

* * *

قاسىم كېپەك تەڭ يېرىمى بىمارلىقتا، تەڭ يېرىمى بىر خۇشاللىقتا كۆزىنى «مىت» قىلىپ يۇمماي تاڭنى ئاتقۇزدى. تاڭغا يېقىن ئۇنىڭ بايىقى چىمچىلىقى ئاستا - ئاستا قىزىشقا باشلىدى. گويا ئۇنىڭ بەدىنىدىكى جىمى قان ئاشۇ شىكەستلەنگەن بارمىقىغا يىغىلغاندەك چىمچىلىقى چىڭقىلىپ لوقۇلداپ قىزىپ چىقتى. قاسىم كېپەك سەھەردە چىراغنى يورۇتۇپ قولىغا قارىۋىدى، ئۇنىڭغا بىر

مۆجىزە كۆرۈندى. ئۇنىڭ چىمچىلىقىنىڭ ئۇچىدا
خۇددى بۈركۈتنىڭ تىرنىقىدەك ھەم ئۇزۇن
ھەم ئۇچلۇق ھەم ئۆتكۈر تىرناق يالتىراپ
تۇراتتى. قاسىم كېپەك بۇ تىرناقنى كۆرۈپ
قورققىنىدىن جان - پېنى چىقىپ كەتتى. ئۇ
تىرنىقىنى ئىككى كۈندە بىر قېتىم ئېلىپ تۇ-
راتتى. مۇسۇلمانچىلىقتا پۇت - قولنىڭ تىر-
نىقىنى ئەتتىن ئاشقۇدەك ئۆستۈرۈۋېتىش گۇناھ
ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر ئاشپەز
بولغاچقا تىرنىقىنى ھەر كۈنى ئېلىپ تۇرمىسا
بولمايتتى. بۇ تىرناق ئاخشامدىن بېرىلا ئۆ-
سۈپ چىقىپتۇ. ئۆسكەندىمۇ قانداق - دەڭ،
ئۇ تىرناق ئەمەس، بەئەينى قايچىنىڭ ئۇچى
ئىدى. ئىنچىكە، ئۇچلۇق، ئۇزۇن تىرناق چى-
راغ يورۇقىدا خۇددى مېتال ئەسۋابتەك سو-
غۇق نۇر چېچىپ يالتىراپ تۇراتتى. تىرناق-
نىڭ ئۆتكۈر ئۇچى خۇددى نەيزىنىڭ ئۇچى-
دەك چەكچىيىپ قالدى. ئۇنىڭ تىلى كالۋا-
شىپ ئاغزىغا گەپ كەلمەي، پۈتۈن بەدىنىدىن
سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ بىر ھازادىن
كېيىن ھوشىنى تاپقاندەك بولدى - دە، ھېچ
ئويلاپ تۇرماي سۈپىدىكى كىگىزنىڭ تېگىدىن
قايچىنى ئېلىپ ھېلىقى تىرناقنى ئېلىۋېتىشكە
تۇتۇش قىلدى. قاسىم كېپەك قايچىنى تىرنى-
قىغا سېلىۋېدى، قايچا تىرناققا زادىلا ئۆتمە-
دى. تىرناق خۇددى تۆمۈر قوزۇقتەك ئۇچلى-
نىپ تۇراتتى. قاسىم كېپەك تىرناققا قارىۋې-
دى، ئۆتكۈر قايچىنىڭ تىغى تىرناقنى كې-
سىش ئۇيياقتا تۇرسۇن ئەكسىنچە كىچىككىنە
ئىزمۇ سالالماپتۇ. قاسىم كېپەك تېخىمۇ ھو-
دۇقۇپ كەتتى. ئۇ بىر ھازا ھەپىلىشىپ باققان-
دىن كېيىن قايچىنى چۆرۈۋەتتى - دە، قازناق
ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى بىر زامانلاردا قويبور-
داپ سېتىپ يۈرگەنلىرىدە ساتىدىغان قوينىڭ يۇڭى-
نى قىرقىۋېلىشقا ئىشلەتكەن شوشاكىنى ئىزدەپ
تاپتى - دە، راسا بىلىگەندىن كېيىن تىرنىقىغا
سالدى. لېكىن شوشاكىمۇ راست گەپنى ئېيىتتى،
تىرناق ئاۋۋالقىدەك ئۇچلىنىپ مەزمۇت تۇرۇ-
ۋەردى. قاسىم كېپەكنىڭ ھەممە ئۇرۇنۇشلىرى
بىكارغا كەتتى. ئۇ شوشاكىنىمۇ چۆرۈۋېتىپ
ئەلەم بىلەن بوغۇلۇپ زوكزىيىپ قالدى.

«ئاھ خۇدا مېنىڭ نېمە قىلغان - ئەتكەنلىرىم
بار بولغىيدى.» قاسىم كېپەك پېشانىسىگە شاپى-
لاقلىدى، «نېمە كارامەت، بۇ مەن ئۆزۈممۇ ياكى
باشقا بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالدىممۇ؟...»

* * *

قاسىم كېپەك مەگزىنى چىمداپ باقتى،
ئاغرىدى، ساقىلىنى تارتىپ باقتى، قۇيلاشتى.
ئەنە بالىلىرىمۇ «دادا، دادا» دەپ بوينىغا
يامىشىۋاتىدۇ، دېمەك نەق ئۆزى، لېكىن بۇ
زادى نېمە گەپ!

قاسىم كېپەك ئىلاجىسىز ئورنىدىن تۇرۇپ
تەرەت ئېلىپ مەسچىتكە چىقتى. ئۇ بايىقى
تىرنىقىنى نامازخانلاردىن يوشۇرۇپ چىمچىلى-
قىنى پۈكلىۋالدى.

قاسىم كېپەك ئىچىدە ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ
چىن دىلىدىن تووۋا قىلدى...

قاسىم كېپەك نامازدىن چىقىۋېتىپ ئارى-
سالدى بولۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇ-
دىنى بىر ئېغىر تاش بېسىپ، كۆڭلى بىئارامە-
لىق ئىچىدە قالغانىدى. ئاشپۇزۇلنى ئاچاي
دېسە، بىر كۈنلۈك خەج - خىراج ئۇنى قىس-
تايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۈگۈن يەكشەنبە
ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يەكشەنبە بازارنى ئال-
مىسا تېخى كۆڭلى ئۇنىمايتتى. ئاخىرى يەك-
شەنبىلىك بازاردىن كېلىدىغان تاپاۋەتنىڭ
قىزىقتۇرۇشى ئۇنىڭ ھەممە ئىستەكلىرىنى بوي-
سۇندۇردى. ئۇ بازارنى قولدىن بەرمەسلىك
ئۈچۈن خۇددى مەسچىتتە قىلغىنىدەك چىمچى-
لىقىنى پۈكلىۋېلىپ بازارغا قاراپ يۈگۈردى.

www.uyghurkitap.com

چۈشكىچە ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ئوڭ ياتىسى مۇزلاپ، سول ياتىسى قىزىپ تۇردى. ھېلىقى مەرەز تىرناق ئۆسۈپ چىققان چېچىلىقىنى يۆگىلىۋېلىپ ئىشلىمەك ئۇنىڭغا تولىمۇ بىئەپ بولدى. بولۇپمۇ خېرىدارنىڭ ئالدىدا ئۇ ئاشۇ غەلىتە تىرنىقىنى يوشۇرۇشنى ھەر مىنۇت ئۇنتۇماسلىقى كېرەك ئىدى، لېكىن ئامال يوق-تە، ئاخىرى كۆنەي بولمىدى. ئۇنىڭ ئېسى-يادى ئاشۇ تىرناقتىلا قالدى. كۈن چۈشكە يېقىنلاشقانسېرى قاسىم كېپەكنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كۆڭلى ئەنسىزلىنىشكە باشلىدى. ناۋادا سەيدەم پولۇ قاسىم كېپەكنىڭ تۈنۈگۈنكى قىلغىنىنى سېزىپ قالغان بولسا ۋە ياكى مۇنۇ قوشنىڭ تىرنىقىدەك تىرنىقىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا نېمە كۈننى كۆرەرمەن؟... دېگەننى ئويلىغان ھامان ئۇنىڭ ئەزا-يى-بەدىنى مۇزلاپ، تېنى شۈركىنىپ كېتەتتى.

بۈگۈن سەيدەم ئەپەندى ئاشپۇزۇلغا كۈندىكىدىن بالدۇرراق كىرىپ كەلدى. سەيدەم ئەپەندىنىڭ دۇكانغا كىرىپ كەلگىنىنى كۆرگەن قاسىم كېپەكنىڭ ئەزايى-بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئۇ ئازابلىق دەككە-دۈككە ئىچىدە سەيدەم ئەپەندىنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— قانداقراق سەيدەمجان...، — دېدى «پارت» قىلىپ قېچىشقا تەييار تۇرغان قاسىم كېپەك ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ قالغان سەيدەم ئەپەندىنىڭ كۆزىگە قورقۇمسىراپ قاراپ تىترەك ئاۋازدا. سەيدەم ئەپەندى قاسىم كېپەككە بىر ھازا تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— تاۋىلىرى يوقمۇ قاسىم ئۇستا، بۈگۈن چىرايلىرى ئۆڭسىلا تۇرىدىغۇ؟ — دېدى نېمىدىندۇر شۈبھىلىنىۋاتقاندەك ئۇنىڭ باش-بويىغا سەپسېلىپ قاراپ.

— يا... ياق... ھە... ھەئە... سەل تاۋىم يوق...

سەيدەم ئەپەندىنىڭ «تۈنۈگۈن ماڭا نېمە يېگۈزدۈڭ» دېمەي «تاۋىلىرى يوقمۇ» دەپ سورىغىنىدىن قاسىم كېپەكنىڭ كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشتى. — قېنى كەلسىلە... نېمە يەيلىكىن، بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولالمايدىغان ئوخشايمەن دەپ ئەنسىرەپ تۇرىمەن. پۇت-قوللىرىمنىڭ ھېچ سۆلى يوق تۇرىدۇ. باللار بىر چىنە غىزا قىلىپ بەرسۇن... بۈگۈنچە...

— ياق... ياق... سىلە بار يەردە ئۇ باللارنىڭ ئەتكەن تامىقىنى يېمەيمەن، — دېدى سەيدەم ئەپەندى ئۆزىنىڭ «خاس ئورنىغا» كېلىپ ئولتۇرۇپ، — تۈنۈگۈنكى چۈچۈرىلىرى، — سەيدەم ئەپەندى پىيالىگە قولىنى سۇندى، قاسىم كېپەكنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى.

— باشقىچىلا مەززىلىك بوپتۇ، — دېدى سەيدەم ئەپەندى چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ، — تەمى ئاغزىمدا قالدى دېسىلە، چاينىماي يۇتقۇدەك چۈچۈرە بوپتۇ، نېمە دېگەن مەززىلىك، نېمە دېگەن تەملىك، قانداق خۇرۇچ قوشتىلىكىن ھېچ بىلەلمىدىم، نەچچە كۈنكى ئەتكەنلىرىدىكە تېگى ئوخشىمايدۇ، ئانام رەھمەتلىكنىڭ قولىدىمۇ ئۇنچە مەززىلىك تاماق يېمەپتىكەنمەن، خىيال قىلىپ باقسام...

«گەپ ئېلىۋاتامدۇ، يا راست دەۋاتامدۇ بۇ تايغان» دەپ ئويلاپ قالغان قاسىم كېپەك قېشىنىڭ ئاستىدىن سەيدەم ئەپەندىگە شۈبھىلىك قاراپ قويدى. سەيدەم ئەپەندى قاسىم كېپەككە «يالت» قىلىپ قاراپ دېدى:

— بۈگۈن كەندىر يەۋالغان كالىدەك خاراموش بولۇپ قاپسىغۇ قاسىم ئۇستا، غاچچىدە بولماملا؟... قاسىم كېپەك دەررۇ ئېسىگە كەلدى-دە، ھىجايدى:

— خوپ تەقسىر... ما... مانا... ھازىر...، — قاسىم كېپەك سەيدەم ئەپەندىنىڭ ھېچنەرسىنى

بىلمەي قالغانلىقىنى ئەسلەندى ـ دە، سەل تېتىكلىشىپ، كۆڭلىدىكىدەك گۆشىنىڭ سېمىز يېرىدىن پەشلەپ قىيما قىلىشقا تۇتۇندى.

قاسىم كېپەكنىڭ بايىقى چىمچىلىقى ئەتىگەندىن بۇيان قىزىتىپ تۇرغانىدى، ئەمدىلىكتە بۇ چىمچىلاق ئۆزىچە كۆپچۈپ، خۇددى قاتتىق ھاياجانلىنىۋاتقان ئادەمنىڭ مەڭزىدەك قىزىرىپ پارقىراپ كەتكەنىدى. قاسىم كېپەك قىيما قىلىۋېتىپ ئۇ چىمچىلاققا قاراپ قالدى. ئۇ چىمچىلاق ئۇشتۇمتۇت خۇددى كىمدۇر بىرى كۆزگە كۆرۈنمەس يىپتا باغلاپ تارتىۋاتقاندەك تۇرۇپ ـ تۇرۇپ پىلتىڭلاپ قويدى. قاسىم كېپەك ئۇنى پۈكلىۋالماقچى بولدى، لېكىن ئۇ چىمچىلاق پۈكۈلمەي يەنە پىلتىڭلىدى. قاسىم كېپەك ئالدىرايتتى. ئۇ قىڭراقنى قولىغا ئالدى. قاسىم كېپەك گۆش توغراشتىن توختىسا ئۇ چىمچىلاقمۇ توختاپ قالاتتى، قىڭراقنى گۆشكە سالغان ھامان يەنە تۇرۇپلا پىلتىڭلايتتى. باشقا بارماقلار قاسىم كېپەكنىڭ باشقۇرۇشى بويىچە ئىشلەۋاتاتتى، پەقەت ھېلىقى چىمچىلاقلا گويا قاسىم كېپەكنىڭ چىمچىلىقى ئەمەستەك ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا زادىلا بويسۇنمايۋاتاتتى. قاسىم كېپەك ھەر قانداق قىلىپمۇ ئۇ بارماقنى باشقۇرالمىدى: «تۇۋا! نېمە كارامەت بۇ؟» دەپ قورقۇمسىراپ پىچىرلىدى قاسىم كېپەك ئۆزىچە پىلتىڭلاۋاتقان چىمچىلاققا ۋەھىمە ئىچىدە چەكچىيىپ. ئۇ بىر ھازاغىچە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن قىڭراقنى يەنە گۆشكە سالدى ـ دە، شۇ چاغدا قاسىم كېپەكنىڭ بايىقى چۆپقەتلىرى گۈلدۈرلىشىپ كىرىپ كېلىشتى. قاسىم كېپەك كىرىپ كېلىۋاتقان خېرىدارغا قارايمەن دەپ بېشىنى شۇنداق بۇرىدى يۇ، «گاچ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قولىدىكى قىڭراقنى دۈشىگە تاشلىۋەتتى.

ئۇنىڭ بايىقى چىمچىلىقى بىرىنچى بوغۇمىدىن «چورتلا» توغرالغانىدى. قاسىم كېپەكنىڭ كېسىلگەن بارمىقىدىن شورقىراپ ئاققان قان قىيمىنىڭ ئۈستىگە قۇيۇلماقتا ئىدى.

قاسىم كېپەك قان شورقىراۋاتقان بارمىقىنى ئالمان ـ تالمان ئوچاقتىكى قىزىق كۈلگە تىقتى، قان شۇ ھامان توختىدى. شۇنىسى قىزىق ئىدىكى ئۇنىڭ چىمچىلىقى چورتلا ئۈزۈلگەن بولسىمۇ، قاسىم كېپەك زادىلا ئاغرىق سەزمەيۋاتاتتى. ئۇ بۇ ئىشقا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېتىپ قالدى.

— قېنى قاسىماخۇن ئۇستام چاققانراق ...

سەيدەم ئەپەندى بىلەن ھېلىقى چۆپقەتلەرنىڭ تەڭلا ۋارقىرىشى بىلەن قاسىم كېپەك ئېسىگە كەلدى.

— ۋا ... ۋا ... ۋاي مانا ھازىر ...

قاسىم كېپەك چۆچۈپ جاۋاب بەردى ـ دە، قولىنى سوغۇق سۇدا چايقىۋېتىپ دۈشىنىڭ يېنىغا كەلدى. شۇ چاغدا تۈنۈگۈنكى غەلىتە خىيال يەنە بىردىنلا ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى. قاسىم كېپەكنىڭ ئۆزى بىلەن دەتالاش قىلىپ ئويلاپ ئولتۇرغۇدەك چولىسى يوق ئىدى. جىلتىلەرنى تەييارلاپ قان بىلەن سۇيۇلۇپ كەتكەن قىيمىدا چۆچۈرە تۈگۈشكە تۇتۇندى. قاسىم كېپەك ئالدىراشلىق بىلەن چۆچۈرە تۈگۈۋېتىپ بىردىنلا كىچىككىنە بىر غەلىتە نەرسىنىڭ دۈشە ئۈستىدە سەكرەپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ ئۆزىنىڭ بايىقى قىڭراق بىلەن ئۈزۈۋېتىلگەن قۇشتىرناق چىمچىلىقى ئىكەن. چىمچىلاق بايىقىدەك ئاغزىنى ئېچىپ كۈلۈپ تۇراتتى. قاسىم كېپەك چىمچىلاققا قاراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

چىمچىلاقتا بايىقى ئۆتكۈر تىرناق شۇ ھالىچە تۇراتتى. قورقۇپ كەتكەن قاسىم كېپەك ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى.

قاسىم كېپەك ئۇشتۇمتۇت ھېلىقى چىمچىلاقنىڭ دۇشىنىڭ ئۈستىدىكى تۇغرالغان قىيىنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. قاسىم كېپەك ئۇنى تۇتۇۋالماق بولۇپ قولىنى ئۇزىتىشىغا ھېلىقى چىمچىلاق قۇرتتەك قىمىرلاپ قىيىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

قاسىم كېپەك ئاخىرى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بىر مۆجىزە كۆرسىتىۋاتقانلىقىغا تولۇق ئىشەندى - دە، ھېلىقى كېسىلگەن چىمچىلاق بىلەن كارى بولماسلىق قارارىغا كېلىپ چۆچۈرىنى تۆكۈۋەردى ۋە ھەش - پەش دېگۈچە قىيىنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈپ تۈگەتتى. ئاخىرى چۆچۈرە تەييار بولدى. ئۇ بىر چىنە چۆچۈرىنى خۇددى دورا يەۋالغان بېلىقتەك بىھوشلۇق ئىچىدە ئېلىپ چىقتى. سەيدىم ئەپەندى يۈزىدە قويىنىڭ قۇيرۇق مېيى بىلەن ئاپىدىيان لەيلەپ، شورپىسى ۋىلىلداپ تۇرغان چۆچۈرىنى كېكىرىپ ئولتۇرۇپ بىردەمدىلا ئىچىپ بولدى ۋە مەمنۇنلۇق بىلەن ھىجىيىپ قويۇپ قاسىم كېپەك بىلەن خۇشلىشىپ چىقىپ كەتتى. قاسىم كېپەك ئادەتتىكىدەك ئۇنى ئۇزىتىپ كوچىغىمۇ چىقمىدى. ئۇ سەيدىم ئەپەندىگە يىرگەنچ بىلەن تىكىلگىنىچە دۇكانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. سەيدىم ئەپەندىنىڭ قارىسى يۈتكەندىن كېيىن قورقىنىدىن دەرمانسىزلانغان قاسىم كېپەك ئودۇل كەلگەن ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىدى - دە، بىر چۈشىنىكسىز تۇيغۇ ئىچىدە ھېلىقى كېسىلگەن چىمچىلاقنىڭ «كۆتىكىگە» ئايانچلىق كۆز يۈگۈرتتى.

قاسىم كېپەك ئۆزى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر سا-دىغلىق بىلەن خىزمەت قىلغان سۆيۈملۈك، قەدىردان چىمچىلىقىدىن ھېچبىر چۈشىنىكسىزلا ئايرىلىپ مەڭگۈلۈك ئەيىبناق بولۇپ قالدى. قاسىم كېپەكنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. دادىسى ئۆلگەندىمۇ كۆزىدىن مىت قىلىپ ياش چىقارمىغان قاسىم كېپەكنىڭ ئەمدى كۆزىگە يىغا ئولاشتى. ئۇ كېسىلگەن چىمچىلاقتا قارىغانسېرى خۇددى ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ قالغان سۆيۈملۈك پەرزەنتىنىڭ جەسىتىگە قارىغاندەك قايغۇرۇپ يۈرىكى ئۆرتىنىپ كەتتى. بالىسىنىڭ جەسىتى بولسا ئۇنى ئۆز قولى بىلەن يەرلىككە قويار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ چىمچىلىقىنى سەيدىم دېگەن ئەبلەخ يەۋەتتى. تېخى ئۇنى يەۋېلىپمۇ غىڭ - پىڭ قىلماي چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. بىچارە چىمچىلاق ئۇنىڭ شەپقەتسىز تويماس قارنىدا نېمە كۈننى كۆرۈۋاتىدىغاندۇ؟ ئۇنى نېمىشقىمۇ چۆچۈرە قىلىپ تۆكۈۋەتكەندۇ ... ئاھ، ئىست چىمچىلىقىم ... بىچارە، بەختسىز چىمچىلىقىم ... بىگىزدەك تىرناقلىق بولساڭمۇ، «ھە» دېسە ساراڭدەك كۈلۈپ مېنى قورقۇتساڭمۇ ئۆزۈمنىڭ قولىدا تۇرساڭ ياخشى ئىدىغۇ چىمچىلىقىم. ساپساق ئادەم ئەمدى چولاق بولدۇممۇ، شۇ سالاپىتىم ۋە يېشىمدا قاسىم چولاق بولدۇممۇ؟...

قاسىم كېپەك كىشىلەرنىڭ كۆزىچە يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن دۇكانىنىڭ ئىشلىرىنى نەكا بالىلارغا تاپشۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ دۇكاندىن چىقتى - دە، ئېغىرلاشقان پۇتىنى سۆرەپ بېشىنى سالغىنىچە ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

* * *

قاسىم كېپەك ئەتىسى دۇكانىنى ئاچماي، ئۆگۈنى ئاچتى. ئۇ ئەتىگەندە كېلىپلا بازاردا بىر پەۋقۇلئاددە كەيپىياتنى ھېس قىلدى. ئۇ يىراقتىنلا تىجارەتچى، كاۋاپچى، ناۋاي،

باققاللارنىڭ ئىككى - ئۈچتىن بىر يەرگە غۇژمەكلىشىپ نېمىدۇر بىر نەرسە ئۈستىدە قىزغىن تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ دۇكىنىغا يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ ئادەملەرنىڭ چىرايىدىكى بىر خۇشاللىقنى ئاشكارا ھېس قىلدى. ئۇ دەسلەپتە سەل ھەيران بولغان بولسىمۇ، كېيىن كىشىلەرنىڭ بۇ خۇشاللىقىنى ئەرزانراق ئېلىۋالغان مېلىنىڭ، يا بولمىسا تەرەپبال ئېرىشىپ قالغان بىرەر ئامەت - پايدىسىنىڭ خۇشاللىقىغا جورۇپ ئانچە ئېرەك قىلماي كەتمەي ئۆز دۇكىنىغا كىرىپ كەتتى. بىر كەمدە كىمدۇر بىرى پالاقلاپ يۈگۈرگىنىچە دۇكانغا كىرىپ كەلدى. نىمكالارغا ئىش بۇيرۇۋاتقان قاسىم كېپەك چۆچۈپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى، ئىشىكتىن نۇر قاساپ ھاسىراپ - ھۆمىدەپ قاراپ تۇراتتى.

— نېمانچە ئۆندەرەپ كەتتىڭلە نۇر قاسساپ، — سورىدى قاسىم كېپەك ئالدىراپ.

نۇر قاساپ بىر دەم ھاسىراپ دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن قاسىم كېپەكنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار قاسىم كېپەك، سەيدەم خالتا ئېلىشىپ قاپتىمىش، ئېلىشىپ..

— نېمە. . . نېمە؟...، — قاسىم كېپەكنىڭ يۈرىكى ئاسىقىپ كەتتى.

— ئېلىشىپ قاپتۇ دەيدۇ. تۈنۈگۈن مەن كانار ئاسمىغان، مالغا كېتىۋېدىم، — نۇر قاساپ بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇردى،— سەيدەم پولۇ چۈشكىچە بازارغا كەلمەپتۇ، بازاردىكىلەر ھەيران بولۇپ بىر - بىرىدىن سۈرۈشتۈرۈپ تۇرغان چاغدا سەيدەم بازاردا پەيدا بوپتىمىش، قارىسا ئۇچىسىدا ھېلىقى كىيىمى يوقىمىش، بېشى يالاڭباش، ئوڭ سېلى يوق «ۋاي مەيدەم! ۋاي مەيدەم!» دەپ تۇگگۈزدەك چىرقىرارمىش...

— نېمە ۋەجىدىنكەن نۇر قاساپ. . . نېمە ۋەجىدىن. . . ئىت قوغلىغان كاچىدەك«پە- پە» لىمەي ئۆزۈڭلەرنى توختىتىپراق دەڭلا كېپىڭلەرنى...، — قاسىم كېپەك دەككە - دۈككە ۋە تاقەتسىزلىك ئىچىدە سورىدى.

— ئېگى بىلەن جېگىنى مەنمۇ بىلمىدىم قاسىم كېپەك، بىرسى «خەق سەيدەم چويلىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىۋەرگەچ زىقى ئۆشۈپ قاپتىكەن، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بوشىتۇپتۇ، شۇڭا ساراڭ بوپتۇ» دەيدۇ، بىرسى «نەچچە ۋاقىتتىن خەقنى قاقشىتىۋەرگىنى ئۈچۈن خەقنىڭ ئاھى تۇتۇپ كۆپىنىڭ قىساسى كېلىدىن بوغۇپتۇ» دەيدۇ، يەنە بىرسى «قايسى بىرسى ئۇنىڭغا سانىڭ مېڭىسىنى يېگۈزۈۋېتىپتۇ، شۇڭا ساراڭ بوپتۇ» دەيدۇ، ئىشقىلىپ ئۇ بۇرۇنقى سەيدەم ئەمەسمىش. . . نېمىلا بولسا «قارىنىم قاچا، كۆتۈم بوقچا» دەپ خەقنىڭ قېنىنى شوراپ يۈرگەن بىر چاياندىن قۇتۇلغان ئوخشايمىز، قاسىم كېپەك. . .

— قۇللۇق دەڭلا قۇللۇق. . .

نۇر قاساپنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن قىسىلىپ كەتكەنىدى. شادلىقىدىن ئۇنىڭ چاككا ساقىلىمۇ كۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ «قىھ - قىھ» لاپ كۈلگىنىچە دۇكاندىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

ئاشۇنداق بىر خەۋەرنى ئۆزۈندىن بويان زارىقىپ كۈتۈپ تاقەتسىزلەنگەن قاسىم كېپەك بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان چاغدا نېمىشقىدۇر جىمىپلا كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ ياكى خاپا بولۇشنى ياكى خۇشال بولۇشنى بىلمەيتتى، ئۆزىنىڭ نېمىشقا شۇنداق بولۇپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتتى.

بىر چاغدا تالادا شاۋقۇن - سۈرەن ئاڭلاندى. قاسىم كېپەك ئالدىراپ دۇكاندىن

چىقتى ـ دە، ئەندىكىپ چۆچۈپ كەتتى.

بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چاچلىرى سالۋاراپ چۇۋۇلغان، كۆڭلىكى يىرتىلىپ جۇل ـ جۇل بولغان سەيدەم ئەپەندى تۆت تەرەپكە ئالاڭلاپ قاراپ، يىغلاپ، ۋارقىراپ كېتىپ باراتتى.

— ۋاي مەيدەم! ۋاي مەيدەم! ئىچىمگە بىر نەرسە كىرىۋالدى، مەيدەمنى تۆمۈر تىرنىقى بىلەن تاتىلاپ جىنىمغا ئارام بەرمەيدۇ... ۋاي خالايىق مەن قانداق قىلاي، ۋايجان... ۋاي مەيدەم... يا ئولتۇرالمايمەن... يا ياتالمايمەن... جان ئارام تاپىدىغان يەر بارمۇ ۋاي خالايىق... ئىچىمگە جىن كىرىۋالدى، ئىچىمگە ئالۋاستى كىرىۋالدى، ۋايجان... مەن قانداق قىلاي... «دېيگەنگە تويۇ» دەيدۇ، «خەقنى قاقشاتقانغا تويۇ» دەيدۇ، ئىچىمگە شەيتان كىرىۋالدى. شەيتان، ۋاي ئۆلەي... ۋاي خالايىق... ۋاي مەيدەم. ۋاي يەنە شۇنداق دەۋاتىدۇ. تاتىلاۋاتىدۇ، مورلاۋاتىدۇ... ئىچىمدە بىر ئالۋاستى كۈلۈۋاتىدۇ.

سەيدەم خالتا كالىدەك ھۆركىرەيتتى، يالىڭاچ مەيدىسىگە جان ـ جەھلى بىلەن مۇشتلايتتى، يىغلايتتى، مۇدۇرەتتى. ئۇنىڭ يالىڭاياغ پۇتلىرىنىڭ تىتىلغان بارماقلىرىدىن قاپقارا قان تامچىپ، دەسسىگەن يېرىدە قانلىق ئىز قالدۇرۇپ كېتىپ باراتتى. قوللىرىغا تاياق ۋە تاش ئالغان بىر توپ كىچىك باللار ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالغانىدى. ئۇلار بىر ئاھاڭغا كەلتۈرۈپ بار ئاۋازى بىلەن «ۋاي سەيدەم جىنىم سەيدەم، ئاغرىيدۇ مېنىڭ مەيدەم!» دەپ چۇقىرىشىپ، سەيدەم ئەپەندىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشۈپ قىيا ـ چىيا قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. كەيپسىزرەك باللار ئارىلاپ ـ ئارىلاپ تاش ـ تاياق بىلەن سەيدەم ئەپەندىنىڭ قولىغا، سۆڭگۈچىكە ئۇرۇپمۇ ئالاتتى، لېكىن سەيدەم ئەپەندى بۇلارنى ھېچ سەزمەي ھەدەپ ۋارقىرايتتى:

— ۋاي مەيدەم... ۋاي مەيدەم...

ئارقىدىنلا باللارنىڭ چۇقان ـ سۈرەنى كۆتۈرۈلەتتى:

— جان سەيدەم، جىنىم سەيدەم، ئاغرىيدۇ مېنىڭ مەيدەم...

بازار ئەھلى كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئالامەتكە ئەقلى يەتمەي ياقىلىرىنى تۇتقىنىچە قېتىپ تۇرۇپ قېلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ، خۇشاللىق، ئىچ ئاغرىتىش... ۋە يەنە نېمىلەردۇر ئەكس ئېتەتتى. ئادەملەرنىڭ گاھىلىرى تېخى تۈنۈگۈنلا ئۆزلىرىنىڭ يۈرىكىنى جىغىلداتقان بۇ زوراۋاننىڭ شۇ تاپتىكى ئايانچلىق قىياپىتىگە قاراۋېرىشكە چىدىيالماي كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋېلىپ پىچىرلىشىپ تۇۋا ئىستىغپار ئوقۇماقتا ئىدى.

— ۋاي مەيدەم... ۋاي مەيدەم...!

— جان سەيدەم، جىنىم سەيدەم، ئاغرىيدۇ مېنىڭ مەيدەم...


سەيدەم ئەپەندىنىڭ ھايۋانىدەك ھۆركىرىشى بىلەن باللارنىڭ خۇشال شاۋقۇن ـ سۈرەنى قوشۇلۇپ بازارنىڭ ئاسمىنىنى تىترىتىمەكتە ئىدى.

قاسىم كېپەك سەيدەم ئەپەندىنىڭ قارىسى يۈتكىچە چوڭراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي چەكچىيىپ قېتىپ قالدى. سەيدەم ئەپەندى ۋە باللارنىڭ قارىسى يۈتكەندىن كېيىن قاسىم كېپەك ئېغىز بىر تىندى ـ دە، چىمچىلاق قولىنىڭ كېسىلگەن يېرىگە تىكىلدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلىغىنىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى...

1987 ـ يىل نويابىر، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت

# كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېرىكلىرى



نىزامىدىن ھۈسەيىن

## 5. سەئىدىيلەر زامانىدىكى ئۇيغۇر خەلق سەنئىتى

مۇھتەرەم ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى سەھىپىلىرىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى داۋام ئارىلىقلىرىدا بەزىبىر «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار» — (قوشۇمچە — قىستۇرما پارچىلار) بىلەن ئارىلاپ تەمىنلەپ تۇرۇشنى ئىستىلى زۆرۈرىيەت دەپ بىلدىم، غەيرىلىك بىلىنمىگەي. مۇئەللىپ.


### تەرىپات

> «... سازەندە — شادلىق يەتكۈزگۈچى، ناخشىچى — غەمنى كەتكۈزگۈچىدۇر. ھال ئەھلى — (ئىشقىي - مۇڭ ئەھلى - ئا) ھەر ئىككىسىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ياخشى سازچىنىڭ ساز ۋە نەغمىسىگە ئىشتىكۈچىنىڭ ھاياتى پەيدا بولۇن. خۇش ئاۋازىدىن كۆڭۈل ۋە روھ قۇۋۋەت تاپىدۇ. خۇش ئاۋاز ناخشىچىنىڭ ناخشىسىدىن دەردمەنلەرنىڭ يۈرىكىدىكى ئوتى ئۆلگىيدۇ. يەنە ئۇ ناخشىچىغا گۈزەللىك قوشۇلسا ھال ئىگىلىرىگە قىيامەت بولىدۇ. بىر ناخشىچى دەردلىك نەغمە چەكسە زەخمىلىك يۈرەكتە چوڭقۇر تەسىر قوزغايدۇ. گۈزەل ناخشىچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاۋاز ھال ئىگىلىرىنىڭ كۆيگەن باغرىدىن دۇت چىقىرىۋېتىدۇ. سازچىنىڭ مىجەزى مۇلايىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئەقىل - پەمى بولسا ئادەمنىڭ كۆڭلى تاشتىن بولسىمۇ ئېرىتىۋېتەلەيدۇ. بولۇپمۇ ناخشىچى ھەم ناخشا ئوقۇپ ھەم ساز چالسا كۆڭۈل مەملىكىتىگە قوزغىلاڭ سالالايدۇ. تەرىقەت يولىدىكى كىشىلەرگە ئەنە شۇنداق جايدا — (ياخشى ساز چېلىنغان، ناخشا ئوقۇلغان جايدا — ئا) بىر خەۋپ باركى — يا بىر «ئاھ» بىلەن مەقسەتكە يېتىدۇ ياكى بىر نەچچە يىل توپلىغان نەرسىسىنى قولىدىن كەتكۈزۈپ قويىدۇ...»
>
> — ناۋائى

ئىشقىي سەنئەت — (ئىجتىمائىي سەنئەت) ئەھلىنىڭ پىسخىك خاسىيەت، خىسلەتلىرى ۋە سەنئەت ھوزۇرى تەسىرىنىڭ ئىنسانلار روھىي ھاياتىدىكى ئوينىغان رولى، ئەھمىيەتلىرى توغرىسىدا بايان قىلىنغان بۇ تەۋەررۈك تەرىپات — تەبىئىيكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ — جۈملىدىن بىزنىڭ ئومۇمىي ھېسسىي، ئىلمىي سەنئەت چۈشەنچىمىزدۇر.

### I. غۇبارسىز مەۋقەلەر

(سەھىپىمىزنىڭ تارىخ قىسمى)




سەئىدىيەلەرخانلىرىنىڭ — ئەڭ ئاساسلىقى سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىتخان...لار ۋەكىللىك قىلىدىغان 16 - ئەسىر سەئىدىيە خانلىرىنىڭ تارىختا بىزگە قالدۇرۇپ

* بېشى ئۆتكەن ساندا

قەتئىي ۋە غۇبارسىز مەۋقەلەر ئىدى دەپ باھالايمىز، ھەم لۇتفى، ئاتائى، ئەھمەدى،
يەقىنى، سەئىددىن قەشقەرى، ئەلشىر ناۋائى قاتارلىق بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىم، ئە-
دىبلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەپەككۇرچىلىق ئەدەبىيات- سەنئەت مەۋقەلىرىنى ئۆزلى-
رىگە نىشانىنامە قىلغان بۇ زاتلارنىڭ تارىختىكى تۆھپىنامىلىرىنى
تارىخ خەزىنىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك تەدبىرنامىلەر سۈپىتىدە ئەسلەيمىز ۋە قەدىرلەيمىز.

## 2. شەرەپلىك قەدەملەر

ئىبادەت ئەسلى خەلققە خىزمەت قىلمىش،
مەسچىت، جايىنامازدا ئەمەس بۇ ئىش.
— سەئدى شىرازى

سەئىدىيەلەرنىڭ ئالدىنقى خانلىقلىرى — (ئاساسەن سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرە-
شىتخان...لار خانلىقلىرى) ناھايىتى روشەنكى ئۆز پەيتلىرىدە، ئىنتايىن نامرات ۋە خاراب-
خۇراپىي جەمئىيەتكە-(بازىستا ئاساسەن تەبىئەت ئىگىلىكى ۋە تەبىي تۇرمۇشقا، ئىدېئولوگىيە-
ئۈستقۇرۇلمىدا بولسا ئاساسەن «تەقدىر» چىلىككە جۈملىدىن جاھالەت تەقدىرچىلىككە،
ھاكىمىيەت ۋە سىياسىي تۈزۈلمىدە بولسا زۇلۇم - زەخمىتى ئېغىر چاغاتايلار ئوردىلىرىغا بېقىنى-
نىپ ھالسىزلىنىپ كەتكەن قاششاق جەمئىيەتكە) بۆسۈپ كىرگەن ئېغىر دەردسەرلىك ھاكىمىيەت-
لەر ھېسابلىناتتى. شۇڭا بۇ خانلىقلار يېتەكچىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان
چاغاتايلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئومۇمىي تەسىرلىرىنى، بولۇپمۇ ئەڭ مۇھىمى ھىراتلىق تەسەۋۋۇپ-
چىلار «داھىسى»— چوڭ ئاقسۆڭەك خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرار باھاۋۇددىن نەقشبەندىگە غايىبانە
ئېتىقاد قىلىدىغان جاھالەت ھامىيسى زالىم مىرزا ئابابەكرى خاندانلىقىنىڭ 40 نەچچە يىللىق
تەسىرى زەخمىلىرىنى تۈگىتىش، خەلقنىڭ ماددىي، مەنىۋى ئازادلىقىنى تەمىن ئېتىشتەك بۈيۈك
ۋەزىپىلەر تۇراتتى.

بۇ يەردە شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈش لازىمكى، مىرزا ئابابەكرى چاغاتايلارنىڭ كېيىنكى ئەۋ-
لادلىرىدىن بولۇپ، مىلادى 1467-يىلىدىن 1514-يىلىغىچە 40 نەچچە يىل شۇ زامانلاردا ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر
قەبىلىلىرىنى مەركەز قىلغان يۇرتلارنىڭ يەنى ھازىرقى شىنجاڭ، سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا جۇم-
ھۇرىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمى، شەرقىي ئافغانىستان - ۋاخان، كەشمىر، غەربىي تىبەت... لەرنىڭ
باش خانلىقىنى قىلغان، خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرار سوپىلىق ئېقىمىنىڭ ھىماتچىسى، ئىنتايىن
زالىم خان ئىدى. «مىرزا ئابابەكرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شۇنداق زالىملاشتىكى...— دەپ
يازىدۇ- تارىخچى مىرزا مەھمۇت چوراس «... بىر يۇرتتىن بىر تۇركۈم ئادەملەر يەنە بىر
يۇرتقا بارسا پىتنە - پاساتقا سەۋەب بولىدىغان بولسا بېرىش- كېلىشنى مەنئىي قىلىشقا بولام-
دۇ؟» دەپ سورىدى مىرزا ئابابەكرى. ئالىملار: «پىتنە- پاسات بولىدىغان بولسا مەنئىي قىلىش
توغرا بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشتى. مىرزا ئابابەكرى كىشىلەرنىڭ شەھەردىن شەھەرگە بېرى-
شىنى مەنئىي قىلدى، جۈملىدىن «سىلەرنى مەنئىي قىلىمەن» دەپ 3000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ
پۇتىنى تىزىدىن كېسىپ تاشلىدى. ئۇ، ئادەملەرنى ئۆلتۈرمىدىم، پۇتىنى كەستىم... شەرىئەت
بويىچە ئىش قىلدىم... دېدىلەر. ئەمما پۇتلىرى كېسىلگەنلەر ئۆلۈپ كېتىشكەن ئىدىلەر...»

دەرۋەقە زالىم سۇلتان مىرزا ئابابەكرى زامانلىرىدا ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيەت - سەنئىتىمۇ
زەبۇنلاشقان مەدەنىيەت- سەنئەتكە مەنسۇپلىشىپ تۇرغان سەنئەت ئىدى. بىزگە مەلۇم—شۇ دەۋردىكى

سەنئەتنىڭ مەلۇم بىر سىياسىي ئىدىيەنىڭ يېقىندىسى، دىنىي ئېتىقادنىڭ مەھكۇمى بول-
غىنى ئۈچۈن سۇلتان مىرزا ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سەنئىتىنىمۇ
ئىككى چوڭ ئېقىملىق گۇنۇس، خارابلاشقان سەنئەت پەنجىرىگە مەنسۇپلىشىپ كەتكەن سەنئەت
دېيىشكە بولاتتى. ئىككى چوڭ ئېقىمنىڭ بىرى — دىنىي ئىدېئولوگىيىنىڭ —(ئاساسەن تەسەۋۋۇپ
ئىدېئولوگىيىسىنىڭ) چەكلىمىسى ئىچىدە داۋام قىلىدىغان «دىنىي سەنئەت» بولغان بولسا؛ يەنە
بىرى ئىجتىمائىي ھاياتقا بولغان مۇھەببەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەنئەنىۋى مىللىي خەلق
سەنئىتى ياكى «ئىجتىمائىي تەپەككۇر سەنئىتى» ھېسابلىناتتى. «ئىجتىمائىي تەپەككۇر سەنئىتى»
يەنىلا خەلقنى كۆيلەيدىغان خەلق سەنئىتى ھەم ھۆكۈمران سىنىپ ۋە ھاكىمىيەتلەرنىڭ مەنپە-
ئەتىنى كۆيلەيدىغان ئوردا سەنئىتى ياكى كەيىپ- ساپا سەنئىتى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ تۇرات-
تى. «دىنىي سەنئەت» كە چېقىلىش- ياشاشتىن مەھرۇم بولۇش دېگەنلىك ئىدى. «دىنىي سەن-
ئەت چۈشەنچىسى تەسەۋۋۇپ تەلىماتچىلىرىنىڭ تەرىپلىرى بويىچە شەرھىلەنگەنلىكى ئۈچۈنمۇ
ئۇ خىل «سەنئەت» ئەڭ ئومۇمىي ۋە ئەڭ مەڭگۈ ھۆكۈمران «سەنئەت» دېيىلىپ، باشقا ئىجتىمائىي
سەنئەت جۈملىدىن خەلق سەنئىتى تەسەۋۋۇپ كۆچلىرى تەرىپىدىن «دەججال ئويۇنى»، «شەرمەندە،
سەرمىسازلىق»، «دەھرىلىك» دېگەندەك قەبىھ ناملار بىلەن قارىلىدىغان، يەكلەش، چەكلەشكە مەنسۇپ-
لاشتۇرۇۋېتىلگەن ھىمايىسىز سەنئەت ئىدى. ھېچقانداق ئىجتىمائىي كۈچ تەسەۋۋۇپچىلارغا تاقابىل
تۇرالمايتتى. تارىخىي زامان ۋە شارائىت نۇقتىسىدىن شۇنىمۇ قەيىت قىلىشقا بولىدۇكى؛ دىنىي
جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي مەسىلىنى دىنغا باغلاپ تەھلىل قىلىپ ئاخىرىنى دىنىي يول بىلەن
ياكى «ئاخىرەتلىك راھەت» كە دەۋەت قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلغان سەنئەتنى «دىنىي
سەنئەت» دېيىشكە بولاتتى. تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ھەر قانداق سەنئەت شەكلى ياكى سەن-
ئەت تۈرى ھامان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى. بۇ مەسى-
لىدە تەسەۋۋۇپ كۈچلىرى بىلەن يەرلىك مۇسۇلمانلار، مەھكىمە شەرئىيىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ
جىددىي رىقابەتلىك مۇجادىلە، كۆرەشلەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن تەسەۋۋۇپ كۈچلىرى يەنىلا بۇ
ھاكىمىيەتنى پوش دېيىشمىدى — (نىيەت ۋە قىلىقلىرىدىن يانمىدى، قىلىدىغانلىرىنى قىلىشتىن
توختاشمىدى). شۇڭا سۇلتان سەئىدخان زالىم مىرزا ئابابەكرىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلاش،
خانلىق جەمئىيەت تەرتىپىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئومۇمىي جەھەتتىن جەمئىيەتنى تۈزەش خىزمىتىنىڭ
مەلۇم نەتىجە ياسقۇچلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئاساسىي كۈچنى
خوجا ئەھرار تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنى چەكلەش، تەسەۋۋۇپ جاھالەتچىلىكىگە خاتىمە بېرىش،
ھەددىدىن ئاشقان جاھالەت كۈچلىرىنىڭ چوڭ ۋەكىللىرىنى ھەرىكەتتىن چەكلەش، ھەتتا جازا-
لاش خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا باشلىدى.

## ############ تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلاردىن ############

شەيخ سەئىدى مۇنداق يازىدۇ: «بىر چاغدا
ھەججاز سەپىرىدە بىر توپ پاك يىگىت مەن بىلەن
ھەمدەم - ھەمسەپەر بولغانىدى. ئۇلار پات - پات
غەزەل ئېيتىشاتتى ۋە زوق بىلەن شېئىر ئوقۇشاتتى.
يولدا بىر سوپى يىگىتلەرنىڭ بۇ ئىشىنى ياراتمىدى.
چۈنكى بۇ ئادەم ئۇلارنىڭ دەردىدىن بىخەۋەر ئىدى.
بىز بەنى ھىلال ئوتىنىگە يېتىپ بارغاندا ئەرەبلەر-
نىڭ چەللە - بارىگىدىن قاراقۇمچاق بىر بالا چىقىپ
شۇنداق غەزەل ئوقۇغىلى تۇردىكى ھاۋادا ئۇچۇپ
كېتىۋاتقان قۇشلار پەسكە چۈشۈپ، قېشىغا ئولاشتى.
قارىسام ھېلىقى سوپىنىڭ تۆگىسى راسا ئۇسسۇلغا
چۈشتى - دە، سوپىنى يەرگە ئېتىپ ئۇرۇپ باياۋان
تەرەپكە چېپىپ كىرىپ كەتتى. مەن دېدىم: ھەي شە-
يىخ بالىنىڭ غەزىلى ھايۋانغىمۇ تەسىر قىلدى، ئەمما
ساڭا بۇنىڭ ھېچ پەرقى يوق ئىكەندە...»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

### 3. سەنئەت كۈشەندىلىرى دەككىدە

ئىشق ھۆنىرىگە چىققان چاغدا بىز، بەزنىڭ بۇ مەنزىلگە ئاياغ قويمىسۇن،
ئىشقتىن باشقا سۆز بىلمىدۇق ھەرگىز. ئىشق بىلەن يالىنمىغان يۈرەكنى ھېسسىز.
—گەنجەۋى

ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز.
—(خەلق تەمسىلى)

سۇلتان سەئىدخان جاھالەت كۈچلىرىگە زەربە بېرىش، چەكلەش، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئويۇن- سەنئەت ئازادلىقىنى تەمىن ئېتىش ۋە سەنئەتنى قەدىرلەش، جانلاندۇرۇش، سەنئەت ئەھلىنى ئېتىبارلاش... خىزمىتىنى ئالدى بىلەن يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ قانات يايدۇرۇشنى خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئۇستىقۇرۇلما سىياسىتى قىلىپ بەلگىلەپ، خانلىقنىڭ بارلىق ئەقلىي كۈچلىرىنى بۇ ئىشقا سەپەرۋەر قىلغان، ئۇيۇشتۇرغان. نەتىجىدە مىلادى 1522- يىللىرى ئەتراپىدا پەرغانە تەرەپلەردىن قەشقەرگە ئېقىپ كىرىپ ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەر، بازارلىرىدا خوجا ئەھرار سوپىلىق يولىنى— «نەقشبەندە سۇلۇكى» نى تارقىتىش، كېڭەيتىش، مۇرىت توپلاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى «ۋەلى» - (ئەۋلىيا) لىق كەبدەبىسى بىلەن بېسىشقا كىرىشكەن ئەجنەبىي چوڭ ئىشان خوجا خاۋەندە مەھمۇت بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ — (بالا گەردان ۋەلى) بىر قىسىم چوڭ شەيىخ يانداشچىلىرى بىلەن («بۇرقۇم ئەۋلىيا» دا 40 زات ئىدى» دېيىلگەن) بىللە 1526- يىلى ئىككى دەپئەدە ھاكىمىيەت كۈچى بىلەن ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان. بەزىلىرىنىڭ قاتتىق ئەدىبى بېرىلگەن. بىر قىسىم ئەسەبىي تەسەۋۋۇپ كۈچلىرىنىڭ نەزەر ئېتىبارلىرىدا «ھەر قانداق ئىنساندىن ئۇلۇغ»، چېقىلىشقا زادىلا بولمايدىغان «كارامەتكار»، «ئەۋلىيا پىر» دەپ قارالغان بۇ «زات» لارغا قىلىنغان يۇقىرىقىدەك مۇئامىلىلەر بەزى جايلاردىكى بىر قىسىم ئەسەبىي جاھالەت كۈچلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى پەيدا قىلغان. «بۇرقۇم ئەۋلىيا» دا كۆرسىتىلىشىچە: زەرەپشان، خالاستان ۋادىسىدىكى تەسەۋۋۇپ ھامىيلىرى جەمجۇم، لالملا، سوپىلا، قۇمقۇسار، تەلۋىلە، شەيدان دېگەن جايلاردا، خوتەن سوپىلىرى پىناليما، قۇمات، گۈلاخما، زاۋا، جالالباغ ① ... دېگەن يەرلەردە «خۇدايى غازات» ئىرادەتلىرى بىلەن «نۇسبەت تالىشىش» — (سۇلتان سەئىدخان كۈچلىرىدىن غەلىبىنى تارتىۋېلىش) ھەرىكەت توپلىرىنى پەيدا قىلىپ، سۇلتان سەئىدخان كۈچلىرىگە ئوچۇقتىن ئوچۇق قارشى چىققان — (خانغا يانغان). قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا تەرەپلەردىمۇ بەزى سوپىلىق «غازات» لىرى پەيدا بولغان. جاھالەتنى ئادالەتتىن ئۈستۈن قويۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بۇ رەزگى كۈچلەرگە نىسبەتەن سۇلتان سەئىدخان كۈچلىرى دەل پەيتىدە قاتتىق جازا بەرگەن. يەنى خۇددى «بۇرقۇم ئەۋلىيا» دا: «تەقدىرى ئىرادەتلىرىدىن نۇسبەت كېتىپ— (ئامەت كېتىپ—ئا) سەئىدخانلار نۆكەرلىرى تەرىپىدىن شەھىدلىق دەرىجىسىگە يەتكۈزۈلگەن 40 زاتنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرى

① ھازىرقى چاغلاردا جەمجۇم، لالملا—قاغىلىقنىڭ، سوپىلا، تەلۋىلە— يەكەننىڭ، قۇمقۇسار — مەكىتنىڭ، پىناليما، قۇمات— گۇمىنىڭ، گۈلاخما- چىرىيىنىڭ، زاۋا— قارىقاشنىڭ، جالالباغ— خوتەننىڭ كەنت، مەھەللىلىرى ھېسابلىنىدۇ— ئا.

شەھىدانىغا قويۇلدىلەر...» دېيىلگەنىدەك بولغان. «تەزكىرە پىرىياران»دىن بىلىشىمىزچە، سۇل-
تان سەئىدخان كۈچلىرى مىلادى 1527- يىللىرى ئەتراپىدا، يەكەندە ئۆزىنى «پەرزانە ۋەلى»—
(ئۇستاز ئەۋلىيا) ئېلان قىلىپ، مۇرىت ئېلىپ، كۆپەيتىپ، زەرەپشان، خالاستان دەريا ۋادىلى-
رىدىكى بىر قىسىم يۇرتلاردا، قارا قۇرۇملۇق سادا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا خۇدالىق ئۈچۈن «توق-
قۇز ئادا» تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللانغان، ھەم ئۇنى ئەمەلدە ئىجرا قىلغۇزۇش ئۈچۈن بەزى
جايلاردا بىر قىسىم تەلۋە مۇرىت- ئاشىقلىرىنى بۇيرۇپ، خەلق ئويۇن - سەنئىتى بىلەن مەشغۇل
بولغان سەنئەت ئەھلى ۋە سەنئەت جامائەتلىرىدىن ۋەكىللىك خاراكتېرى كۈچلۈك بەزى كىشىلەرنى
«شەيتان پوقى يېگەن» دېگەن پەتىۋا بىلەن سازايى قىلدۇرغان. «توۋا قىلدۇرغان»، ھەتتا ئۆل-
تۈرگۈزۈۋەتكەن خوراسانلىق قۇتبىددىن ئىشان بىلەن ئۇنىڭ چوڭ شېرىكلىرىدىن 90 نەچچىسىنى ھازىرقى
پوسكامنىڭ شەيدان دېگەن يېرىگە يىغىپ قاتتىق جازالىغان؛ بىر قانچىسىنىڭ كاللىسىنى ئالغان،
كۆپچىلىكنىڭ ئالدىنى 100 دىن، كەينىنى 40 تىن دەررە ئۇرغۇزۇپ، جەمئىيەتتە «دىن» نامى
بىلەن دىن ئەھلىگە قىلغان زالىملىقى، قاتىللىقلىرى ئۈچۈن تۆۋا قىلدۇرغان. ئۇلارنىڭ باش
ئارقا تىرىكى قۇتبىددىن ئىشان — (ئاپپاق ۋەلى) نى بولسا توققۇز ھەمراھىسى بىلەن بىللە ئا-
پەت بۇلۇڭ، مومۇق، توققۇز بويناق، كاپا بويناق، تار ئاغزى تاغلىرى— (قارا قۇرۇم تاغ ئارى-
لىرىدىكى جايلار)دا ھەيدەپ ئەلگە سازايى قىلدۇرۇپ، تاغارت ئەتراپلىرىدا كاللىسىنى ئال-
دۇرغان. ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى خىس-
لەت، پەزىلەت، ئاڭ، خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ تەبىئىي خەزىنىسى بولغان ئىجتىمائىي سەنئىتىنى
بىر پۈتۈن دىنىي «ھەمدۇسانا سەنئىتى»گە — (تەسەۋۋۇپ ئۈچۈن روھىي ئوزۇق بولىدىغان
يىرگىنىشلىك ئاھۇ - زار تەلقىن ۋە يىغا - زارلىق جاۋراشلارغا) ئايلاندۇرۇش شوئار قىلىن-
غان «توققۇز ئادا»لىرى مەزمۇنى مۇنۇلاردىن: (1) تويىنى، سورۇنىنى؛ (2) مېھمانىنى - ئەل
يۇرتىنى؛ (3) نورۇزىنى - بايرىمىنى؛ (4) شەپقەت - شاپائىتىنى؛ (5) چۆپقەت - تاپاۋىتىنى؛
(6) سەپىرىنى - ھاردۇقىنى؛ (7) ئۇتتۇقىنى - شادلىقىنى؛ (8) نامىنى - ئاتاقىنى؛ (9) سوئال - سو-
راقنى شەرتسىز دۇئا - ئىبادەت بىلەن ئادا قىلىش - (بېجىرىش)تىن ئىبارەت بولغان. سۇلتان
سەئىدخان كۈچلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك كەسكىن تەدبىرلىرىنى ئەجدادلىرىمىز ئەڭ قىزغىن ھىمايە
قىلغان، قوللىغان. قارا قۇرۇملۇقلارنىڭ قۇتبىددىن — (ئاپپاق) ئىشان بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ
جەسىتى قالغان جاينى تارىختىن بېرى «ئاق قانجۇق جىلغىسى»، «ئاق قانجۇق مازىرى» دەپ، زەرەپشان
ۋادىسىدىكى ئاھالىلار قۇتبىددىن ئىشان شېرىكلىرىنىڭ پوسكامنىڭ شەيدان دېگەن يېرىدە كاللىسى
ئېلىنىپ جەسىتى كۆمۈۋېتىلگەن يەرنى «شەيتىم شەيدا» — (رەھىمسىزلىككە، زالىملىققا، قاتىللىققا
شەيدا بولغان-ئا) زاراتگاھلىقى (بەزى سوپىلار ھازىر بۇ يەرنى «شەيدان مازىرىم» دەپ ئاتاپ
كەلمەكتە - ئا) دەپ ئاتىشىپ كېلىۋاتقانلىقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختا ئۇلارغا تۇتقان مەۋ-
قەلىرىنىڭ ئاغزاكى ئەستىلىكلىرى ھېسابلىنىدۇ. مىلادى 1540 - يىللار ئەتراپىدا سۇلتان ئاب-
دۇرەشىتخان كۈچلىرى (سۇلتان سەئىدخان 1533 - يىلى ۋاپات بولۇپ ئورنىغا شۇ يىلى ئوغلى
ئابدۇرەشىتخان خانلىققا ئولتۇرغان) جەنۇبىي ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ زەرەپشان ۋادىسى-
نىڭ بىر قىسىم شەھەر، بازارلىرىدا خوجا مۇھەممەت شېرىپ بىلەن خوجا مۇھەممەت ۋەلىلەر...
قانات يايدۇرۇۋاتقان «ئىمامى رەببانى» سۇلۇكىنىڭ بىر قىسىم «چوڭ كەشپىياتچى»لىرى،

«ئۇستاز»لىرى، «بەرھەق ئۇلۇغ زات»لىق نامىلىرى بىلەن ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ ئىشقىي سەنئەت ئەھلى ئارىسىدا «قىنىغا سېلىپ قويۇش»، يەنى «قىنىدىن چىقىپ كەتكەن» - («دىنىدىن چىقىپ كەتكەن» دېمەكچى - ئا)لەرنى «توۋا قىلدۇرۇش»، «ئەدەبلەش» ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرغان «زاتلار»دىن بىر قىسمىنى قاتتىق جازالىغان-(خانلىق تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقارغان، شەرئەت جازاسى بەرگەن، دەررىگە باسقان). خوجا مۇھەممەت شېرىپ «پىر»نىڭ باش تايانچىلىرىدىن بىرى — چوڭ سىياسىي سۇيىقەستچى، بەدەخشانلىق ئەجنەبىي ئىشان سەئىد ئاسىپ خان (لەقىمى سەردار ئىشان) باشلىق يەتتە «چوڭ زات»نى بولسا يېرى — (پوسكامنىڭ ھازىرقى ياستۇق دېگەن يېرى - ئا) دېگەن جايدا ئۆلۈمگە بۇيرۇغان. بۇ يەتتە جەسەت قويۇلغان يەرنى كېيىنكى زامانلاردىكى سوپىزم كۈچلىرى «ياستۇق مازىرىم» — (قارىلىق بولغان جاي) دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

كاللىسى ئېلىنغان بۇ يەتتە «زات»نىڭ ئەڭ ياممىنى سەئىد ئاسىپ ئىشان — (سەردار ئىشان)نىڭ جىنايى قىلمىشى مىسالىمىز ئۈچۈن ئالاھىدە خاراكتېرلىك قىلمىشتۇر. «تەزكىرەئى پىر ياران»دا يېزىلىشىچە: بۇ ئىشان سۇلتان ئابدۇرەشىتخانغا ھەم ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرلىرىگە دىن بىلەن — («ئىمامى رەببانى» سۇلۇكى ئەقىدىسى بىلەن دېمەكچى - ئا) سىياسىينى، دىنىي ئورۇنلار بىلەن ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە زادىلا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا «تەلىم خاراكتېرلىك» مەسلىھەت بەرگەن، «نەسىھەت» قىلغان. ھەتتاكى سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننى ئوچۇقتىن ئوچۇق بارلىق ۋەزىر ئەزىمىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ «ئۇلۇغ پىر» خوجا مۇھەممەت شېرىپ، خوجا مۇھەممەت ۋەلىلەر بىلەن بىر پىكىر، بىر نىيەتتە بولۇشقا، ئۇلارنى «پىر» تۇتۇشقا دەۋەت قىلغان. «جەننەت دۇئاسى» بېرىپ ئۇنى «ئىماندارچىلىق ئىنسابى»غا چاقىرغان. بۇ تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، خاننى، خان كۈچلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشانلىق مەۋقەلىرىنى قوغداشقا، قارىغۇلارچە «خۇدا يولى»دا ھىمايە قىلىشقا مەنىۋى قىستىغانلىق ئىدى.

### ‡‡‡‡‡‡‡‡‡‡‡‡ تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلاردىن ‡‡‡‡‡‡‡‡‡‡‡‡

«سەردار ئىشان»نىڭ ئابدۇرەشىتخانغا قىلغان «جەننەت دۇئاسى»دىكى «جەننەت» ئىسلام ئەقىدە ئۇقۇمىدىكى «جەننەت» لەردۇر. ئۇلار: «جەننەتۇل پىردەۋس»، «جەننەتۇل خۇلت»، «جەننەتۇل رىزۋان»، «جەننەتۇل ئەدنىس»، «جەننەتۇل مەئۋا»، «جەننەتۇل تۇۋبا»، «جەننەتۇل ئەئلا» — (ئەڭ ئالىي جەننەت) دۇر. بەزى دىنىي رىۋايەتلەردە «سەككىز جەننەت» دېيىلگەن بولسىمۇ سەككىزىنچىسى نامەلۇمدۇر.

بۇ ئالەمدە ئۆز غەرەز - مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىيىتىدە كىشىلەرگە «جەننەت» ۋەدە قىلىش، بىتەھقىقكى لىخۇدادىن خۇدالىق تالىشقانلىق، پەۋقۇلئاددە دىنىي خائىنلىق، دىنىي ئالدامچىلىق ھېسابلىنىدۇغۇ دەيمەن. — مۇئەللىپ.

ئۆزىنى دەيدىغان بەدنىيەت دوستتىن،
جىنىنى يولۇڭغا تىككەن ئىت ياخشى.
— ناسىر خىسراۋ

. . . . . . . . . . . . . . . . . . .

شەپقەتسىز قاراقچى زەپەر تاپقاندا،
كارۋان زارىغا قىلامدۇ پەرۋا.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . .

خۇدا ئازابىدىن قۇتۇلۇش تەۋبە بىلەن مۇمكىندۇر،
ۋەلېكىن مۇمكىن ئەمەس خەلق تىلىدىن قۇتۇلماقلىق.
— «گۈلىستان»دىن

«سەردار ئىشان» جۈملىدىن ئۇنىڭ سەردار شېرىكلىرى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ھەر بىرى ھەر يەرلەردە ئۆز چۆرىلىرىگە ئەسەبىي دىنىي لۈكچەك، تەلۋە سوپى — «ئاشىق»لارنى

تۇپلاپ، باشلاپ، زەرەپشان ۋە خالاستان دەرياسى ۋادىلىرىدا — (ھازىرقى يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت، مارالبېشى...لاردا) ئىلىم - پەن، ئىشقىي سەنئەت ئەھلىلىرى يەنى كەسپىي سەنئەت پېشىۋالىرى، مۇزىكا-ئەسۋاب ئۇستىلىرى، سەنئەت ئىشقىۋازلىرى ئارىسىدا «تۆۋا قىلدۇرۇش»، «قىنىغا سېلىپ قويۇش»، «نوخولىسىنى ئېلىۋېتىش»، «رەسۋايى ئەزىم قىلىش» ھەرىكەتلىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قەدىمىيەتكە ئىلىكى يەرلەردە بىر مەھەل «خۇدا بىلەن رۇسۇل» چىلىقنى تازا راۋاج تاپقۇزغان. بەزىبىر پېشقەدەم ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئەسلەشلىرىدىن بىلىشىمىزچە، بۇ جاھالەت كۆچلىرى (بەزى خاتىرىلەردە «سەردار خوجام لەشكەرلىرى» دەپمۇ يېزىلغان) بارغانلىكى يۇرت، كىرگەنلىكى ئۆي، كۆرگەنلىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرىغانلىكى نەغمە ئەسۋابلىرىنى چېقىپ، كۆيدۈرۈپ، نەغمە، ئۇسسۇل، غەزەل، قوشاق، بېيىت، قىزىقچىلىق... قىلغان، قىلىدىغان، ئوقۇغان، ئوقۇيدىغان، باشلىغان، باشلايدىغان... لارنىڭ ھەممىسىنى «شەيتان يولى يېگەن» دېگەن «گۇناھ» بىلەن «تۆۋە» قىلدۇرۇپ، «نوخىلىسىنى ئېلىۋېتىپ» تۇرۇشقان. «بابا قەمبەر» (قول يازما) رىسالىسىدە يېزىلىشىچە: «سەردار خوجام لەشكەرلىرى يەكەن، قاغىلىق، مەكىت... تەۋەلىرىدىن داڭدار نەغمىچى، ئۇستا رەققاس، نەغمە - ناۋا ئەسۋاب، سايمان جابدۇقلىرى ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن شۆھرەتلەنگەن... ئىشقىي سەنئەت نامدارلىرىدىن يەكەنلىك مەشھۇر تارچى — (تارلىق سازلار بويىچە چوڭ ئۇستاد) بابايى قەمبەر ئاتايى باشلىق 13 زاتنى چوپان سۈيى — (چوپان دەرياسى) بويىدا غار تۆشۈكلىرىگە كىرگۈزۈپ، تۆشۈكلەرنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ — (دۈملىمە تۆشۈك قىلىپ) ئۆلتۈرۈۋېتىشكەن. بۇ ۋەقە مەزكۇر رىسالىدە: «... جاۋجانغا ① بەنت قىلىنغانلار — ئۈچ خەررەك ②، بىر خاررەت ③، ئىككى داپەندە ④، ئىككى نايناق ⑤، ئىككى تارچى ⑥، ئۈچ ئاغلاقچى ⑦ لار ئىدىلەر... بابايى قەمبەر تاڭلا مەھشەرگىچە تار چېكىپ ھايات تۇرىدىلەر...» دەپ بايان قىلىنغان. تارىختىكى جاھالەت پىرلىرىنىڭ بۇ خىل قەبىھ زىيانكەشلىكىگە يولۇقۇپ بىۋاقىت ئالەمدىن كەتكەن بۇ ئەزىز ئۇيغۇر سەنئەتكار — (سازەندە) نىڭ ئىجادىي بايانى توغرىسىدا قەشقەر ياۋاغلىق مەشھۇر مۇقامچى مەرھۇم قاسىم ئاكا ⑧

① جاۋجانغا بەنت قىلىنغان — جاۋ - جاۋ قىلىپ ئاۋۇش چىقىرىپ تۇرىدىغان غار — (شەيتان غار)غا بەنت قىلىنغان. جاۋجان — قاغىلىقنىڭ چوپان يېزىسىدىكى تاراغىز-ئازغانسال ئوتتۇرىسىدىكى «تار» دېگەن يەردىكى بىر تىك (100 گرادۇس تىك) تاغنىڭ نامى. بۇ تىك تاغنىڭ يەردىن تەخمىنەن 150 مېتر كۆتۈرۈلگەن بىر يېرىدىكى تۆشۈكنىڭ ئاغزىدا خۇددى دۇتار چېلىپ ئولتۇرغان قىياپەتتىكى بىر ئاقساقال نەغمىچىنىڭ ھەيكەل شەكلى بار. كىشىلەر تارىختىن بېرى بۇ يەرنى «بابايى قەمبەر مازىرى» دەپ ئاتىشىپ كەلمەكتە.

② خەررەك — بېزىلىك — (لوپنىڭ ئەڭ چەت تاغ ئىچىگە جايلاشقان بىر كەنت) ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك تىل شىۋىسىدە قاسقانسىز چالغۇ ئەسۋابلىرى ياسىغۇچى ھۈنەرۋەن — «خەررەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ③ خاررەت — داپ، دۇمباق، ناغرا... قاسقانلىرى، نەقىش - گۈل ئويۇلغان ياغاچچىلىق جاھازلىرى ياسايدىغان ياغاچچى (خوتەندە ياغاچچىنى «خاررەت» دەپ ئاتايدىغان تىل ئادىتى ھازىرغىچە بار). ④ داپەندى — داپچى — داپ چالغۇچى. ⑤ نايناق — ئۇسسۇلچى - ئارتىس — (چەرچەندىكى تاتران ئۇيغۇرلىرىنىڭ شىۋە تىلى). ⑥ تارچى — تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى چالغۇچى. ⑦ ئاغلاقچى — ئويۇشتۇرغۇچى، دەۋەت قىلغۇچى، يەتكۈزگۈچى.

⑧ قاسىم ئاكا مۇللا تۇردى ئوغلى 1899 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ياۋاغ كوچىسىدا سازەندە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 19 - ئەسىردە شۆھرەت قازانغان قەشقەرلىق مەشھۇر مۇقامچىلاردىن ھېلىم، سېلىم، ئوزاق ھاجى قاتارلىقلاردىن تەلىم ئالغان ھەم شۇلارغا كېيىنكى چاغلاردا ۋارىسلىق قىلغان دادىسى مۇللا تۇردى ئاخۇندىن مۇشاۋرەك سەنئەت پارچىلىرىنى ۋە باشقا كىلاسسىك مۇزىكىلارنى تولۇق ئۆگەنگەن ھەم ھازىرقى چاغلارغا ئۇلىنىپ كېلىشكە قىممەتلىك ھەسسە قوشقان، سەۋەبكار بولغان. 1954 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى 55 يېشىدا ۋاپات بولغان. (مۇخبىرلىق خاتىرەمدىن)

1958 - يىلى ماڭا: «باباڭىز قەمبەر ئاتايى بۇرۇنقى زامانلاردا ئۆتكەن سازەندىلەردىن بىرى، دۇتارچىلارنىڭ ئەۋلىياسى بولۇپ، تەرىقەت بەندىچىلىكىنى سۆكۈپ غەزەل توقۇپ دۇتاردا چالغانلىقى ئۈچۈن تەرىقەت كۈچلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن زات ئىكەن... مۇنۇ غەزەللەر ھازىرغىچىلىك بىزدە «قەمبەر ناۋالىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە...» دېگەن ھەم مۇنۇ مىسرالارنى شۇ زاتنىڭ نامىدىن ئەسلەپ بەرگەنىدى:

(ئۇ كىشىنىڭ ھازىرقى زامان شەكىل - ئۇسلۇبىدا ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە كۆچۈردۇم — ئا.)

..........................

سېنىڭ سەللە، كۇلايىڭدىن،
مېنىڭ تەتۈر جالام ياخشى.

..........................

سېنىڭ تەسۋىھ، ئىمانىڭدىن،
ئامازسىز پاك نادان ياخشى.

..........................

ھارام نەپسى مالامەتتىن،
ھالال نەغمە - ناۋا ياخشى.

..........................

سېنىڭ سۇلتان مازارىڭدىن،
مېنىڭ مەشرەپ خانام ياخشى.

..........................

سېنىڭ «ئاپتاپ» چىرايىڭدىن،
مېنىڭ مەشرەپ كۆڭلۈم ياخشى.

..........................

سېنىڭ راھەت پاراغىڭدىن،
مېنىڭ نەغمە - كۈيۈم ياخشى.

..........................

ئايا قەمبەر تېنىم تاپماي،
يولۇڭدىن يۈرگۈنلۈك ياخشى.

(مېنىڭچە شۇ زاتنىڭ بۇ مىسرالىرى جۈملىدىن باشقا غەزەللىرىمۇ كېيىنكى چاغلارغىچە خەلق ئېغىز داستانلىرى تەركىبلىرىگە ئارىلىشىپ سىڭىپ تۇرغاندەك قىلىدۇ — ئا.)

************ تەنەپپۇسلۇق سۇۋغىلاردىن ************

ئىتائەت قىلىش ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن ۋە دوستلۇق ئىزھار قىلغان ئاجىز دۈشمەن پەقەت كۈچلۈك دۈشمەنگە ئايلىنىشنىلا مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى «دوستلارنىڭ دوستلۇقىغا ئىشەنچ يوق» دېيىلمۇاتقان يەردە دۈشمەننىڭ خۇشامەت كۆيلۇقىغا قانداق ئىشەنگىلى بولسۇن؟!...

كىمكى كىچىك دۈشمەننى بەك تۆۋەن چاغلىسا، كىچىككىنە ئوتنى پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۆچۈرمەي قويغانغا ئوخشاش بىر ئىش بولىدۇ...

يامانلارغا رەھىم - شەپقەت قىلىش — ياخشىلارغا زۇلۇم قىلىشتۇر. زالىملارغا ئەپۇ قىلىش — كەمبەغەللەرگە جەبرە سېلىشتۇر.

بولسا ياۋۇزغا سېنىڭ غەمخورلۇقۇڭ، يۇمشاقلىقىڭ، قىلسا ئۇ ئەلدە جىنايەت، بار سېنىڭ ئورتاقلىقىڭ.

— «گۈلىستان»دىن

(سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىتخان...لار كۈچلىرىنىڭ تارىختا جاھالەتچى كۈچلەر ۋەكىللىرىگە بەرگەن بۇنداق زەربىلىرىنى بىز مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز، ئۇلارغا ئاللاھ رەھمەت ئاتا قىلغاي. مۇئەللىپ.)

## II. يۈكسەك پەللىدە

(سەھىپىمىزنىڭ سەنئەت قىسمى)

ئويۇن - كۈلكە شوخلۇقتىن،
شوخلۇق كىيلەر توقلۇقتىن.

— (ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى)

راست سۆزلۈك تارىخچىلار، يەم - پاراسەتلىك ئەجدادىي ئۇستاز مۇئەللىپلەر يېزىپ قالدۇرۇپ، ئەسلىتىپ كەتكەن تارىخ، رىۋايەت، قىسسە، خاتىرىلەردىن ئايان ۋە مەلۇمدۇركى؛ سۇلتان سەئىدخان، ئابدۇرەشىتخان... لار ھاكىمىيەت كۈچلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئويۇن-سەنئىتىگە يان بېسىپ، بۇ سەنئەتكە كۈشەندىلىك قىلىۋاتقان جاھالەت كۈچلىرىنىڭ ھەرىكەت

ئۇرۇنۇشلىرىنى يۇقىرىقىدەك چەكلەشلىرى ۋە خەلق ئويۇن - سەنئىتىنىڭ ئىجتىمائىي راۋانچىلىقى، راۋاجى ۋە داۋاملىشىش تەرەققىياتى ئۈچۈن قىلىنغان يەنە باشقا نۇرغۇن چارە - تەدبىرلىرى ئۇيەيلەردىن خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئويۇن-سەنئىتى ئەسلىدىكى تارىخىي ئەنئەنىۋى خاسىيەت ئالاھىدىلىكىنى چۈرىدىگەن ھالدا يۈكسەك پەللىدە راۋاج تېپىش - گۈللىنىش ئىزىغا چۈشكەندۇر. 16 - ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر مۇزىكا ئالىمى، مۇقامشۇناسى، شائىر قىدىرخان يەركەندى بۇ خىل ئېسىل گۈللىنىش ئىزى توغرىسىدا توختىلىپ:«... بىر غەزەل تاماملىنىپ تىلىم قەلەمى تەرىپىدىن ئېيتىلسا، يا قەلەمىم تىلى تەھرىر قىلسا... دەرھال ئېپار ياغدۇرىدىغان قەلەم بىلەن كافۇر — (خوشپۇراقلىق ئاق قەغەز — ئا) بەتكە يېزىپ ئاق - قارىدىن ساقلايتتى ۋە يەنە ئۇنىڭغا توغقان ھېسابىدىكى زېھنىي ئۆتكۈر شاھزادىلەر، ھەمسۆھبەتلىك مۇناسىۋىتى بىلەن خوش تەبىئەتلىك مىرزىلەر بىر قانچە ساندا كۆچۈرەتتى ۋە باشقا خەلقلەرگە يېيىلاتتى. بىقارار ئاشىقلارنىڭ مۇھەببەت تويى، ئادىتى مەشۇقلارچە بولغان گۈلچىرايلارنىڭ سۆھبەتدىشى بولۇپ خاس ئاما ئارىسىدا ناھايىتى تولۇقلۇق ۋە سۆزسىز ئەقلىي قاراشلار... تاپتى» («دىۋان قەدىرى»نىڭ مۇقەددىمىسىدىن) دەپ تەرىپلەنگەنىدى. دېمەك بۇنىڭغا ئوخشاش خاتىرە - بايانلاردا كۆرسىتىلگىنىدەك ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سەنئەت تەرەققىيات ئىزى ئالاھىدە پەللىگە كۆتۈرۈلگەنىدى.

## 1 - سەنئەت ئىدىيىسى

ھەر قانداق دىن جۈملىدىن ھەر قانداق دىن بىرلىكى — (دىن ئورتاقلىقى) تارىختا بىرەر مىللەتنىڭ مىللىي ئىدېئولوگىيىسىگە ئاساس بولۇپ باققان ئەمەس، ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. بۇ دېگەنلىك — سەنئىدىيىلەر دەۋرىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇسۇلمانچىلىق ئېتىقادىنى — ئۇلارنىڭ مىللىي ئىدېئولوگىيە، جۈملىدىن مىللىي ئويۇن - سەنئىتىگە زىد، بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى مەۋقەدە ئىدى دېگەنلىكىمىز ئەمەس، ئەلۋەتتە. دىن - دىن. مىللەت-مىللەت. دىنىي ئېتىقاد بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەۋجۇدلۇقىنى بىر تەرەپ قىلمۇۋېتەلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس، بەلكى مەلۇم شارائىت ئاستىدىلا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان روھىي ئامىل. مۇشۇ چۈشەنچىمىزنى ئاساس قىلىپ، سەنئىدىيىلەر ئالتۇن چاغلىرىنىڭ سەنئەت ئىدىيىسىنى بىز ھەقلىق ھالدا: ئېتىقادى ئىسلام، شەكلى مىللىي، مەزمۇنى ئىجتىمائىيەتتىن ئىبارەت بولغان مىللىي سەنئەت ئىدىيىسى ئىدى دەپ قارايمىز. يەنىمۇ ئىچچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل سەنئەتنىڭ مەزمۇنى، ماھىيىتى، ئەھمىيىتى، رولى، خاراكتېرى، ئىپادىلەش شەكلى، ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممە قۇرۇلما ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى پەقەت بىرلا ئىدىيە يەنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى، ئېتىقادىنى، ئىرادىسىنى، خاسىيەت، خىسلەت ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى نامايەن قىلىش نۇقتىسى ئۈستىگە بېغىشلانغان، مەركەزلەشكەن، سېپى ئۆزىدىن ئۇيغۇر مىللىي سەنئەت ئىدىيىسى ئىدى دەپ تونۇيمىز.

بىزگە مەلۇمكى، بىرەر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن سەنئىتىمۇ شۇ مىللەتنىڭ مىللىي ئېتىقادىنى، مىللىي غۇرۇرىنى، مىللىي ئىرادىسىنى ۋە مىللىي ئىستەك - ئارزۇلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىسە، ئۇنداق سەنئەتنى مىللىي مەۋقەسى مۇجمەل، مىللىي مەزمۇندىن يىراقلىشىۋاتقان «شالغۇت سەنئەت» ياكى خەلقتىن ئايرىلغان «سۈنئىي سەنئەت» دەپ قاراشقا

تۇغرا كېلىدۇ. تارىختا، بولۇپمۇ تەسەۋۋۇپ ئەۋجىگە چىققان «چىراغسىز جاھان» تارىخىدا، ھەتتاكى بەزىبىر كېيىنكى چاغلار تارىخىدىمۇ ئارىلاپ بىرەر مەزگىللىك بوغۇلۇپ دەخلى - تەرۇزگە ئۇچراپ تۇرغان ئۇيغۇر سەنئىتىنى قۇتقۇزۇش، ئەسلى مىللىي ئىزى بىلەن راۋاجلاندۇرۇش (بۇ يەردە مەن سەنئەتتە ئىشىكنى تاقىۋالايلى دېگەن تەرغىباتنى ئوتتۇرىغا چىقارماقچى ئەمەس، ئەلۋەتتە) ئۈچۈن ئىشلىيەلىگەن، ئىشلىگەن ھەر قانداق «مىللىي سەنئەت»نى بىزنىڭ مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە يەكلەپ «غەيرىي سەنئەت» ياكى «تېگىشلىما سەنئەت» — «ئەلنەغمە - يات ئويۇن - كۈلكە» سۈپىتىدە «چىرايلىق» رەد قىلىپ، تاشلىۋېتىپ تۇرۇشلىرى ئەنە شۇ سەئىدىيىلەر زامانىدىكى سەنئەت مۆجىزىلىرىنىڭ داۋامى ھەم خىسلەتلىك ئادەت مىراسىلىكىدىن بولغانلىقى شۈبھىسىزدۇر. شۇڭا بىز ھازىرقى زامانلارغىچە مەۋقە، مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب، مەقسەت جەھەتلەردىن تېخى رولىنى يوقاتمىغان بۇ خىل سەنئەت ئىزىنى — ئىلمىيلىكى، ئاممىۋىلىقى، چىنلىقى، تەسىرچانلىقى، شوخلۇقى، خىلمۇ خىللىقى، جەڭگىۋارلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان، ئەل ئارىسىدا ئەڭ يۇقىرى شۆھرەت، پۈتۈن سەئىدىيە تۈپرىقىدا، جۈملىدىن پۈتۈن تۈرك، مۇسۇلمان خەلقلەر دۇنياسىدا بىردەك يۇقىرى ئېتىبارغا ئېرىشىپ شۆھرەتلەنگەن، يۈكسەك پەللىلىك بۇ تارىخىي سەنئەت ئىزىنى سەنئەت تارىخىمىزنىڭ شەرەپلىك مەنىۋى داۋامى، تەسىرى ئىزى سۈپىتىدە قەدىرلەيمىز! تەتقىق قىلىمىز، ئۆگىنىمىز، ۋارىسلىق قىلىمىز.

## 2 - سەنئەت ئىستىلى ۋە سەنئەت ئەخلاقى

سەئىدىيىلەر ئالتۇن چاغلىرىدىكى ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنىڭ جۈملىدىن شۇ چاغلار يېتىشتۈرگەن ئۇيغۇر سەنئەت ئەھلىنىڭ—(سەنئەت گۇرۇھلىرى، سەنئەت ئورۇنلىرى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ) سەنئەت ئىستىلى، سەنئەت ئەخلاقى: مېنىڭچە، تەبىئىيكى خەلققە —(ئاساسەن مىللەتكە) خىزمەت قىلىش يەنى خەلقنى كەلگۈسى بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەشكە ئۈندەش، يېتەكلەش، بارلىق جەمئىيەت كىشىلىرىنى كۈرەشكە، ئىجتىمائىي ھەققانىيەتكە، پاك مۇھەببەت، ھالال تۇرمۇش، گۈزەل غايە، گۈزەل ئەخلاق ۋە گۈزەل خىسلەتلەر ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدىغان شۈبھىسىز مىللىي ئىستىل ۋە مىللىي خىزمەت ئەخلاقىدۇر.

..............................

مۇسۇلمانچىلىقنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟
موللا - خەلپەت - ئۆلىمالاردىن.

ئادەم بولۇشنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟
ئاتا - ئانامدىن، ئۇستازىمدىن، ئىشقىي ناۋا ئەھلىنىڭ غەزەل، ناۋا بېشارەتلىرى، مۆجىزە - خىسلەتلىرىدىن.

كىملەرنى كۆرۈپ، ئەگىشىپ، شادىمان، شاد خۇرام بولدۇڭ؟
ئەلنەغمە، غەزەل، ساز ئەھلىگە، ئىشقىۋاز ئويۇنچىلارغا.

قېنىپ يېتىلگەن شادلىق نەدىن كېلىدۇ؟
شوخلۇق قېنىپ يېتىلگەن پەسلى، پاراغەتنى بىلگەن، كۆرگەن، كۈيلىگەن ئىشقىي نەغمە، ناۋا ئەھلىدىن.

ئىنسان ئۆمرىنىڭ ئوزۇقى نېمە؟
قۇۋۋەت، توقلۇق، ئاب - ھاۋا، ساغلاملىق، قولاق ھوزۇرى، كۆز (كۈلكە) — ھوزۇرى، كۆڭۈل ئىشقىي ھوزۇرى. «ئادەم قولاقتىن، ھايۋان تۇۋاقتىن» ھوزۇرلىنار، سەمىرىپ تۇرار.

ئەدەب - ئەخلاقنى نەدىن بىلدىڭ؟
نەغمە — ناۋا سورۇنلىرىدىن.

نومۇسنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟
پېشقەدەم نەغمىچىدىن، رەققاستىن — (ئۇسسۇلچىدىن دېمەكچى — ئا)

ھاياسىزلىق، كاززاپلىقنىڭ پىرى كىم؟
كۆڭلى قىيىش، دۇنياپەرەس، تاماگەر، سۇخەنچى.
— («بەلەن گەپلەر» خاتىرىسىدىن)

دېمەك شۇ زامانلاردىن بىزگىچە خەلق يادنامىلىرى سۈپىتىدە ئەسلىنىپ كېلىۋاتقان يۇقىرىقى «بەلەن گەپلەر»دىن بىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىزكى: سەنئەت — شۇ جەمئىيەتنىڭ

ئەخلاق ئىلمى، پسىخولوگىيە ئىلمى، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق ئىلىملىرى بىلەن زىچ بىردىككەن مۇكەممەل ئىلمىي سەنئەتنىڭ رولىنى ئۆتىگەن. تېخىمۇ يېشىپراق ئېيتقاندا، سەنئەت كۈچلىرى جەمئىيەتكە ئەدەب - ئەخلاق ئۆگىتىدىغان، مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى بېيىتىدىغان، خەلقنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى، ئېتىقادىنى نامايەن قىلىدىغان ھەم خەلقنى ھەقىقىي بەخت - سائادەتكە ئۈندەيدىغان، سەنئەت ھوزۇرىنى ئاشۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ئەڭگۈشتەرلىك رولىنى ئۆتىگەن. بىرەر ئۇتۇقى بىلەنلا بىر ئۆمۈر كۆرەڭلەيدىغان ۋە ئۇنى ئۆزىنى كۆرسىتىشنىڭ شەخسىي چېرىغى قىلىۋالىدىغان، ئىلىم - مەرىپەت، كەمتەرلىكتىن يىراق، مىجەزى ھاكاۋۇر، چاكىنا، نادان، رەپ - رەپ، قۇرۇق سۆلەت... سەنئەتچى — ئۇ جەمئىيەتتە چاكىنا «سەنئەتچى»، «ساھىل نەغمىچى» — (نەغمە قىلىپ نان تىلەيدىغان نوقانچى — قەلەندەر)، «بىشەم ئۇسسۇلچى» — (ئىززەت - ئابرويىدىن ئايرىلىپ كەتكەن، سەنئەت ئەخلاقى بۇزۇق... تاما-گەرلىك، ياسانچۇقلۇقنى ئادەت قىلىپ ئەل نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان شاللاق، مەسلەكسىز، بەد-قىلىق ئۇسسۇلچى) دەپ قارىلىپ، دائىم رەد قىلىنىپ، يەكلىنىپ تۇرغان. سەنئەت ساپلىقى، سەنئەت قىممىتى، سەنئەت رولىنىڭ دائىم ئۈستۈنلەپ تۇرۇشىغا ئاساس سېلىنىپ بارغان.

## تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلاردىن

ئۇلۇغ ئەدىب ئەلىشىر ناۋائى بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:

«...بىر خىل سازەندىلەر باركى، ئۇلار شادلىق كەلتۈرۈش ئۈچۈن مېھنەت چېكىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ئەخلاقتا تۈزۈن ۋە كەمبەغەلدۇر. ئۇنداق ناخشىچى ۋە چالغۇچى زارلىنىپ تۇرۇپ ئالغۇچىدۇر. ئەگەر ئۇلارنى ئىشقا سالغۇچىدا رەھىم-شەپقەت بولسا، ئۇنىڭغا ئەسقاتىدۇ. چۈنكى، سۆھبەتتە نېمەت قول. ئەگەر بەزمىدە داستىخان كەمتۈكرەك بولۇپ قالسا، ئۇ خىل ناخشىچى - سازچىلارنىڭ نازى ئېشىپ كېتىدۇ. داستىخان سېلىنمەسمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆڭلى تامامەن ناخۇش. ئەگەر ئۈزۈن يىللار ياخشىلىقىڭنى كۆرگەن بولسىمۇ، يېنىڭدىن سالام قىلماي ئۆتۈپ كېتىشىدۇ. ئازراق بەرسەڭ ئۇلار ناشۈكۈرلۈك قىلىدۇ. كۆپ بەرسەڭ خۇدا رازى بولمايدۇ. تولىسى بۇزۇق، بەدخۇي، كاج تەبىئەت، قوپال سۆزلۈك ئادەملەر بولۇپ ھەرىكەتلىرى تۈزۈلمىگەن سازلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلاردا ۋاپا يوق. ئۇلار ۋاپا ئەھلىنىڭ ئالدىدىن قوغلانغان رەزىل كىشىلەر . . . ئەگەر ئۈزۈن يىل بىرگە بولۇپ بىر قېتىم پايدا بەرمەي قويساڭ سەندىن ياتلىشىدۇ. ئۆزى ئەر سۈرىتىدە، لېكىن سەتەڭلىك ئۇنىڭ گۇۋاھچىسى. ئۇنىڭ كىيىگەن كىيىملىرىدىن بۇزۇقلۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. خاس كىشىلەرنىڭ نەغمە بىلەن دىلىنى ئالماق بولىدۇ. كۆپچىلىككە دۈمباق چېلىپ يول باشلىماق بولىدۇ . . . كىشى ئۇنداقلارغا يولۇقمىسۇن. ئۇلارنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىسا نىجادلىق قۇشى ئۇچۇپ كېتىدۇ . . . قۇشقا يەم كۆپرەك بېرىلىپ كەتسە، يەرگە قوندۇرۇشقا ھەمىشە تومباق چېلىش لازىم بولىدۇ . . .»

ئۇ دەۋردە سەنئەتچىنىڭ ئويۇنخانا بىلەن جەمئىيەتتىكى ئىستىلى كەيپىياتى، غايىۋى ئەخلاقى بىردەك بولۇشى، دىگىنى بىلەن قىلىقى، قىلىقى بىلەن تۇرقى، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى، ۋەدىسى بىلەن مۇددىئاسى، غايىسى بىلەن قىلمىشى، جاپاسى بىلەن شۆھرىتى، تۆھپىسى بىلەن ھۆرمىتى... ئەخلاقى جەھەتتىن بىردەك، ئىستىلى جەھەتتىن ئىزچىل بولۇش — سەنئەت ئىستىلى مەجبۇرىيىتى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇلۇپ كەلگەن. شۇڭا ئۇ جەمئىيەتنىڭ سەنئەتكە، سەنئەت ئەھلىگە بولغان ئېتىبارى، ھۆرمىتى، ئىخلاسى داۋاملىق ئېشىپ، ئاممىۋىلىشىپ ۋە بىردەك تەركسىز ئادەت شەكلىگە ئۆرلەپ تۇرغان.

«... زەرەپشانلىقلار كۈندۈزلىرى ئاياغ ياماپ، كېچىلىرى مەشرەپلەردە ئۇسسۇل بەرمەيدىغان ئىدىلەر... ناماز چىقىشى — (مېيىت چىقىشى دېمەكچى — ئا) خۇددى بىلەن رۇسۇل، قالغان چاغلاردا داپ بىلەن ئۇسسۇل قىلاتتىلەر . . . خۇدايى ساھىللارغا، دۇئا - تىلاۋەت ئوقىنىشلىقى بىلەن ئۆيلەرگە كېلىپ - كېتىپ تەلەپ تاپاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان سوپى، زاھىدلارغا كىشىلەر ياخشى كۆرگەن چۈشلىرى ئۈچۈن كاپارەت، يامان كۆرگەن چۈشلىرى ئۈچۈن نان، بىرەر ئاياق ئۇن ياكى دان، ئۇچىدىن چۈشكەن نىمكەش كېيىملەرنى ئىشىكلىرى ئالدىلىرىدا ناخۇش سەدىقە بېرىپ دۇئا ئېلىپ يولغا ئۇزىتىپ قويۇر ئىدىلەر . . . ئۇنداقلارنى ھېچكىم ئۆيلىرىگە يولاتمىغان ھەم ئۇنداق ئادەت ئەلمىساقتىن بېرى جارى بولۇپ باقمىغان ئىدىلەر. ساھىلدىن ھەزەر قىلىشاتتىلەر . . . ئەمما ۋە لېكىن دەر ئەۋجە سازەندە ۋە ياكى ئۇسسۇلچى، ئويۇنچى، قىزىقچىلار يۇرت ئارىلىشىپ، سەيلە قىلىپ يۈرۈپ مەھەللە، چاقالىرىغا كېلىپ قېلىشقۇدەك بولسا، ئۇلارنىڭ قەيەردە، كىملەرنىڭ خانىلىرىدا بولىدىغان، تۇرىدىغانلىقلىرى توغرىسىدا بالىكولىرى كېلىپ، پايپەتەك بولۇشۇر، ئۆيلىرىگە چاقىرىش ئۈۋەتلىرىنى تالىشار ئىبردىلەر. دەرئەۋجە - (ئەل داڭلىق ئۇستا) سازەندىگە ھېچنېمە ئايىماي ھەتتاكى ئات مىندۈرۈپ، تون كىيدۈرۈپ، دەرئەۋجە ئۇسسۇلچىنىڭ بېشىدىن ئالتۇن، كۆمۈش ئۆرۈپ، ئويۇنچى، قىزىقچىلارنى مال سويۇپ مېھمان قىلىپ . . . كۈتىۋېلىش — ئويۇنچى زەرەپشانلىقلار ئۈچۈن ئەڭ ھوزۇرى ئادەمگەرچىلىك بولاتتىلەر . . . ئويۇن - كۈلكە — (سەنئەت ھوزۇرى دېمەكچى — ئا)، نەغمە - ناۋا ھەققىدىكى ھەر قانداق خەۋەر ئىزۇلۇم - يېتىم ۋە دۇنيا ماجراسى خەۋەرلىرىدىن نەچچە قولاق بالدۇر، نەچچە مەھەللە ئارتۇق ۋە نەچچە ۋاقىتلاپ چاپسان - تېز تارقىلىپ كېتىدىغان ئىدىلەر . . . بىرەر يېرىم سازەندە كېلىپ قالسا ئۇنلاپ، يىگىرمىلەپ شوخ ياش ئارقىسىغا كىرىپ كېتىپ ھەرىكەت، ئوقەتلىرىدىن قالاتتىلەر . . .»

— («بەلەن گەپلەر» خاتىرىسىدىن)

مېنىڭچە «بەلەن گەپلەر» نىڭ مۇئەللىپى ھۆرمەتلىك ئۇستاز مامۇت ئىسلامىنىڭ شۇزامانلارنىڭ سەنئەت ئىستىلى، سەنئەت ئەخلاقى توغرىسىدىكى بۇ تارىخىي ئەستىلىكلىرى شۇ زامان كىشىلىرىنىڭ سەنئەتكە، سەنئەت ئەھلىگە بولغان ھۆرمەت، ئېتىبارىنى، ئىخلاسىنى يەنىمۇ ئۇچۇقراق چۈشىنىۋېلىشىمىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك مەنبەلەرنىڭ بىرىدۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

---

(بېشى 73 - بەتتە)

— مېھمان، ئۇلارنى نەگە ئېلىپ بارىسەن، نېمە قىلماقچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ مەلئۇنلارنى دەرياغا تاشلىۋەتمەكچىمەن، لەھەڭلەرگە يەم بولسۇن! — دەپتۇ يولۇچى.

— ياق بولمايدۇ، — دەپتۇ شاھزادە، — بۇ ئىبلاسلارنىڭ ناپاك تېنى بىلەن سۈزۈك، ساپ دەريا سۈيى بۇلغانمىسۇن! — دەپتۇ - دە، يۈگۈرۈپ خانىسىغا كىرىپ زۇلپىقارىنى يالىڭاچلاپ كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ ۋە مېھمانغا قاراپ، — چاپ! — دەپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بەش نائەھلى قىيما - چىيما قىلىنىپ، تاپتىن ئېرىغدالغان «ئاسمان ساراي» دا شاھزادە، مېھمان، دېدەكتىن ئىبارەت ئۈچ جان قاپتۇ. شاھزادە مېھمانغا:

— مەن نازاكەت باغىدىن دىيانەت گۈلىنى كۈتكەنىدىم. بىراق بۇنىڭغا «ئاسمان ساراي» بىلەنمۇ، سەن ئىشلەتكەندەك سېھرى - جادۇ قىلىش بىلەنمۇ ئېرىشكىلى بولمايدىكەن. مەن ھازىر شۇ خاتالىقىمنى تونۇدۇم. سۆيگۈ سۇلتانىنىڭ تەختى بولغان يۈرەك ئەخلاق ئۈنچىسى بىلەن نەقىشلىنىپ، ئۇنىڭغا تەۋە بولغان پۈتۈن زېمىن — ۋۇجۇد ساداقەت بۇلىقىدىن سۇ ئىچىپ، ۋاپا گۈلىستانىغا ئايلىنالىسا، ئاندىن بۇ باغدا تۇزىماس بەخت گۈلى پارلايدىكەن، — دەپتۇ - دە، بۇ سۆزنى نەزمىگە ئايلاندۇرۇپ مۇنۇ قىتئەنى ئوقۇپتۇ:

سېھرىلەرنى سېھرى يېڭەر، ھىيلىنى مىكىر،
ۋە لېكىن ھېچ يېڭەلمىگەي ۋاپا - دىيانەت.
خۇلاسەم شۇ — مۇھەببەتكە سادىق بولسا دىل،
ئاسمان ساراي، تىلسىم ساندۇق، قۇلۇپ بىھاجەت.

ئېيتىپ بەرگۈچى: جاپپار تالىپ
رەتلىگۈچى: نەجمىدىن سىدىق

---

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت




مامۇت زايىت

## تىرنىققا ئۆشكە

يىگىت ئىدىڭ سېمىز، سالامەت،
ئەسلى زوقمەن چاقچاق - كۈلكىگە.
ئەمدى سەندە ئۆزگىچە ھالەت،
چۈشۈپ قاپسەن كېسەل ئىلكىگە.

ئۆمۈچۈكنىڭ تورى ماڭلىيىڭ،
كۆزۈڭ خۇددى سۇيى يوق كۆلچەك.
زەي يەردىكى سامان چىرايىڭ،
روھىڭ سۇلغۇن، قامىتىڭ دۈمچەك.

سىرلىرىڭنى بىلدىم نىھايەت،
تار كۆڭلۈڭدىن، قىڭغىر ئىشىڭدىن.
كەسپىڭ ئىكەن زارلاش، شىكايەت،
تۇرمۇشۇڭدىن، دوست - سەپدىشىڭدىن.

بولۇپ قاپسەن يېگانە دەردمەن،
قويۇۋەرگەچ تىرنىققا ئۆشكە.
بولساڭ ئەگەر كەڭ قورساق، مەرد سەن،
بولماسمىدى خۇشال ئۆتۈشكە؟!...

## ئاپتاپ، پالتا

باشلىقلىقمۇ خەلق خىزمىتى،
بۇ يېزىلغان مىزان - كىتابقا.
ئەللىقلىقمۇ ئىنسان خىسلىتى،
ئۇ خاس ئەمەس يالغۇز ئاپتاپقا.

كەلدى يۇقىرا، بىلىپ ئۆز - رەھبەر،
ھال - دەردىنى دەي دەپ قېشىغا.
تەسلىكىنى بىلەتتىڭ، ئەگەر
چۈشسە بۇ ئىش سېنىڭ بېشىڭغا.

ئۇ ئالدىڭدا تەلمۈرۈپ تۇرار،
بىلىپ «شەپقەت تەگرىسى» سېنى.
بىرياخشى سۆز دەردتىن قۇتقۇزار،
بىر قوپال گەپ مۇكچەيتەر ئۇنى.

بول غەمگۇزار، سىرداش ئۇنىڭغا،
لايىقىدا ھەل قىل، بەر جاۋاب.
پالتا ئۇرما يىلتىز - غولۇڭغا،
بول يۇقىراغا نۇرچاچقان ئاپتاپ.

## تەخسىگە ئۇۋاللىق

— ئىدارەڭدە تەخسە خېلى كۆپ؟
— ياقەي، ئىككى - ئۈچى بار پەقەت.
— ئاپتىكەنغۇ يېقىندا يۈز چۈپ؟
— ھە، مۇنداق دەڭ، بۇ... بۇ باشقا گەپ...

سۆھبەتتىكى ئۇقۇشماسلىق ئىش،
ئىككىمىلەننى قىلدى بەك خىجىل،
تۇرۇپ قالدىم، دىلدا ئېچىنىش،
دىئالوگمۇ ياكى بۇ ھەزىل؟

ھۈنەر، تۇرمۇش بۇيۇمى تەخسە،
ئەتىۋار ھەم گۈزەل ئەسلىدە.
تويى، ھېيت قىلسا، زىياپەت بەرسە،
خىزمىتى چوڭ ئىنسان نەسلىگە.

نېمە ئۈچۈن ئۇنى خار قىلىپ،
باشقا ئىشقا قىلىنار پايمال؟
تۈگىمەسە بۇ ئالماش قىلىق،
راست تەخسىگە بولامدۇ ئۇۋال؟

# 100 يىلدىن كېيىن...

ئۈزۈلمەستىن كېلەر تېلېفون،
ئىدارىدىن يولىيورۇق سوراپ.
كەلگەنلەرمۇ يۇتۇپ ئىس - تۈتۈن،
قايتىپ كېتەر ئالالماي جاۋاب.

ئەرز، ئىلتىماس، دوكلات ئۈستەلدە،
تولۇپ بېسىپ ياتىدۇ ئايلاپ.
كاتىپ كۆرۈپ، سۇنار رەھبەرگە،
تەستىق خېتى «كۆرەيلى ئويلاپ»

ئويلىسىغۇ تارتىمىغا سالماي،
ئاقار ئىدى جايىدا ھەر ئىش.
بېجىرمەي ھەم «ئويلاپ» بولالماي،
ئۆلىمىدۇ باھار - كۈزگە، قىش.

رېزىنكىمۇ ياكى بۇ مەنسەپ،
«ئويلاپ»لارنى چۈشەنمەك قىيىن.
كۈتۈمىزمۇ، ئىشقا ئاشار دەپ،
بۈگۈنكى ئىش 100 يىلدىن كېيىن...

# «دىپلومات»

كۆرۈنۈشتە كەمتەرىن تۈگەل،
بەكمۇ ئامراق ماختاش، شەرەپكە.
چىقىرىدۇ سۆز تۇشۇپ جېدەل،
«يان باسمايدۇ» ھېچبىر تەرەپكە.

ئۇچراشقاندا دولىڭنى قېقىپ،
ماختار ئەسەر، ئۇتۇقلىرىڭنى.
سەن يوق جايدا پۇرسەتنى تېپىپ،
چۆكۈرىدۇ ئۇتۇقلىرىڭنى.

يۇقىرىدا ئەۋرىشىم خۇددى،
تۆۋەننىمۇ چىقارماس قولدىن.
ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ جىددىي،
چىقار گاھى ئوڭدىن، گاھ سولدىن.

باشقىلارنىڭ ئوقىدا ئېتىپ،
ئۇچرىتىدۇ پېشكەلگە سېنى.
ئىچ ئاغرىتىپ دەيدۇ: «ۋاي ئىسىت...
ياردەملىشەي، ئىزدىگىن مېنى»

«لىللالىق» تېڭ گەپ ئاچسا خۇشال،
ئالىيجاناب قىياپىتى بار.
ئۆسۈش پەيتى كەلگەندە، دەرھال
«كۈتۈۋېلىش زىياپىتى» بار.

ھەر باشلىقنىڭ يۇرتىغا قاراپ،
ئۆزگەرتىدۇ يۇرتى، پۇشتىنى.
ياشاش ئۈچۈن ئۆزگىگە ياراپ،
بىر تەڭگىگە ساتار دوستىنى.

چۈشەنمىگەچ ئۇنى ھېچ ئىنسان،
ئەل ئىچىدە ئالماس يامان ئات.
ئويلاپ قالدىم تۈگەركىن قاچان،
ئارىمىزدىن بۇنداق «دىپلومات»؟...

# ئەرۋاھ

ئۆتكەنىدى بۇرۇن قەشقەردە،
بىر كەلگىنىدى ئىشان يۇرت سوراپ.
پىتنە - ئىغۋا قوزغاپ ھەر يەردە،
ئەل قېنىدا زېمىننى بوياپ.

قورال ئاڭا جاھالەت، مەزھەپ،
تون ۋە سەللە، تەسبىھ - پاناھى.
ئىككى ئەسىر ئۆتتىمۇ، ئەجەپ،
يوقالمىدى تېخى ئەرۋاھى.

ئاشۇ ئەرۋاھ كۆرۈنەر غىل - پال،
خانىقادا، ھازا سورۇندا.
ئەلنى بۆلۈپ، قىلماقچى تال - تال،
قوتراپ يۈرەر ھەر بىر ئورۇندا.

ئەي جامائەت قىلما بىخەستىلىك،
«جەننەت خېتى» تىلەپ ئەرۋاھتىن.
باسمىغانمۇ مىللەتنى نەسلىك،
شۇ ئەرۋاھدىن، مەزھەپ ـ ئىزادىن؟!...

## مۇردا ـ دانچۇق

سەيلە قىلدىم ئۆتكەن يىلى كۈز،
كۆھمارىمنى، مۇسىكا زېمىنى ①.
بىر ئاقساقال قىلدى تەنبىھ سۆز،
قىلمىدىڭ دەپ سەجدە ـ تازىمنى.

قويماي بۇ چال رايىمغا زادى،
چۈشەندۈردى زېرىكمەي ئىزدىپ:
«ئۇ ـ بەرھايات سەئىد ئەۋلادى،
كەلگەن بۇندا جاھاننى كېزىپ.

تىلەكلىرىڭ بولار ئىجابەت،
ئەۋلىياھ ئۇ، ئۇلۇغ ۋە كاتتا.
قىلسا ئەگەر سېنى شاپائەت،
ئەكىرىدۇ جەننەتكە ھەتتا...»

دېدىم ئاڭا: «مازار ھەم جەسەت،
دانچۇق بوپتۇ روھى قاپقاندا.
سەنمۇ مۇشۇ تۇزاققا دەسساپ،
ئالدىنىپسەن سوپى ـ ئىشانغا.

كۆرگەنمىدىڭ، قايسىبىر مۇردا،
ئەكىرىپتۇ كىمنى جەننەتكە؟
كىمگە سەجدە قىلسەن بوۋا،
تەڭرىڭمۇ ياكى جەسەتكە؟!...»

## ھەققىي ساۋاب

سوراپ قالدىم: «سېغىنىشقا مەسچىت،
پۇل بەرمەكلىك ساۋابمۇ تېخىمۇ؟»
جاۋاب بەردى ئالىم موللا مۇسەپپەت،
قىلىپ قۇرئان، ھەدىستىن تەپسىر:

«تەڭرى خۇددى قۇياشتەك سېخى،
بېرىدۇ ئۇ، ئالمايدۇ ئەسلا.
ئەۋج ئالغان مەسچىت سېلىقى،
ساۋابلىقتىن يىراق، مۇستەسنا.

كۆپلەپ مەسچىت سالماق بىھاجەت،
ناماز قوبۇل ئۆيدە ـ خانىدا.
بەزىلەرنىڭ ئىشى خىيانەت،
پۇل يىغماقتا تەڭرى نامىدا.

ساۋاب شۇكى، خالىس ئاي ـ كۈندەك،
يولىغا نۇر چاچقىن مىللەتنىڭ.
مەكتەپ سالغىن كېرەم ئىمىندەك،
بولۇپ دوستى پەن ـ مەرىپەتنىڭ...»

شۇ ئۇلىما بەرگەن جاۋابتىن،
ئۆرتەندى ئوت ـ ئازاب قەلبىمنى.
ئاھ... ئېچىندىم ئويلاپ، ساۋابتىن
مەھرۇم قالغان بىخۇت خەلقىمنى...

## خەتەرلىك ئاپەت

زوقلىنىمەن قۇش قاناتلارغا،
ھېچبىر يەرنى كۆرۈشلمەيدۇ يات.
نەگە بارسا ئاشۇ يۇرتلاردا،
خۇشال ياشاپ، قاقىدۇ قانات.

بىراق بىزدە ئەھۋال ئۆزگىچە،
كېزىپ يۈرەر يەكلەشتەك قۇيۇن.
ئارىمىزغا سىڭىپ تەپرىقە،
ئوينىماقتا بىر دەججال ئويۇن.

بىرمىللەتمىز، ئورتاق ـ شان غۇرۇر،
تارقالساقمۇ ھەر يۇرت ـ ھەر جايغا.
دەيدۇ بىزنى يەنىلا ئۇيغۇر،
ھەتتا چىقىپ كەتسەكمۇ ئايغا.

قايىقىنىغا چۈشۈپ «لىق، لىك» نىڭ،
پارچىلانماق خەتەرلىك ئىللەت.
بىز ئاشناسى ئىناق ـ بىرلىكنىڭ،
يۇرتۋازلىقتىن بەزدى ئەل ـ مىللەت!...

1987 ـ يىل دېكابىر، خوتەن

① كۆھمارىم، مۇسىكازىم ـ خوتەندىكى مازارلار.

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com




## قازاقلارنىڭ مىللىي ئويۇنلىرى

قازاقلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىدا ئاممىۋى مەرىكىلەرنىڭ ئەھمىيىتى زور بولۇپ، قازاقلار نورۇز بايرىمى، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت قاتارلىق مىللىي بايراملارنى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇغۇت، قىزىنى ياتلىق قىلىش، كېلىن ئەكىرىش، مەشھۇر ئادەملەرگە ئاتاپ نەزىر بېرىش قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى داغدۇغىلىق مەرىكىلەر قاتارىدا ئۆتكۈزىدۇ. بۇ مەرىكىلەردە مېھمانلارغا قىمىز، گۆشلەر بىلەن زىياپەت بېرىپ كۈتۈشنىڭ سىرتىدا، بۇ مېھمانلارنىڭ شەرىپى ئۈچۈن كۆپلىگەن كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. مۇنداق كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇنىڭ مۇھىملىرى: (1) دۇمبىرا ۋە قومۇز بىلەن مۇزىكا ئورۇنداش؛ (2) ناخشا ئېيتىش؛ (3) قىسسە ۋە داستانلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇش؛ (4) قوشاقچىلار ئېيتىشىشى؛ (5) ئات بەيگىسى؛ (6) چېلىشىش؛ (7) قىز قوۋار؛ (8) ئوغلاق تارتىش؛ (9) مۇشە ئېلىپ قېچىش؛ (10) تەڭگە ئېلىش؛ (11) يامبۇ ئېتىش؛ (12) ئاغدۇرۇشماق—(ئۆرۈشمەك)؛ (13) توساقتىن ئات سەكرىتىش؛ (14) ئات يورغىلىتىش؛ (15) كۈچ سىنىشىش؛ (16) ئۇسسۇل ئويناش.

يۇقىرىدىكى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىنى ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرىنچى تۈرى، ئەدەبىيات - سەنئەت، تىياتىر شەكلىدىكى ئويۇنلار. بۇنىڭدا مۇزىكا چېلىش، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، قوشاقچىلار ئېيتىشىشى، قىسسە، داستانلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇش ۋە باشقىلار. ئىككىنچى تۈرى، تەنھەرىكەت خاراكتېرىگە ئىگە بولغان كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى بولۇپ، بۇلار كۆپىنچە يېشىل يايلاقتا، ئات ئۈستىدە بولىدىغان ئويۇنلاردۇر.

### ئات بەيگىسى

«ئات — ئادەمنىڭ قانىتى»، «ئەر ئېتى بىلەن، قۇش قانىتى بىلەن» دېگەن قازاق تەمسىلىرى، قازاق خەلقىنىڭ ئاتنى بەكمۇ قەدىرلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قازاق خەلقى ئاتلارنىڭ يۈگۈرۈكى بىلەن يورغىسىنى يۇقىرى باھالايدۇ. ئات بەيگىسى—مۇشۇ يۈگۈرۈك ئاتلارنىڭ مۇسابىقىگە




* بېشى ئۆتكەن سانلاردا

چۈشۈپ مۇكاپات ئالىدىغان مەيدانى. بەيگىدە ئەڭ ئالدى بىلەن كەلگەن يۈگۈرۈك ئاتقا بېرىلىدىغان مۇكاپات ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ. XIX- ئەسىرۋە XX- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ توي - نەزىرلەردە بىرىنچى ئاتقا يەتتە يامبۇ، توققۇز تايلاق، ئون بىر يىلقا- (ئات)، يۈز قوي مۇكاپات بېرىلگەن. قازاق خەلقىنىڭ ئادىتى بويىچە ئاتنىڭ بەيگىدە ئۇتۇپ چىقىشى پەقەت شۇ ئات ئىگىسىنىڭلا شان - شۆھرىتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل بىر قەبىلىنىڭ شان - شۆھرىتى ھېسابلىنىدۇ. بەيگىگە چۈشىدىغان ئاتقا مىنگەن ھەر بىر بالا مەيدانغا كىرگەندە ئۆز قەبىلىسىنىڭ شوئارىنى توۋلاپ - ۋارقىراپ كېلىدۇ. ئۆز قەبىلىسىنىڭ شوئارىنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە شوئار توۋلاپ ئورنىدىن تۇرىدۇ. ئۇتۇپ چىققان ئات كەلگەن ۋاقىتتىكى قازاق خەلقىنىڭ كۆڭۈل شادلىقىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس.

قازاق خەلقىدە ئات بەيگىسى ھەممە كىشىگە ئىككى - ئۈچ ئاي بۇرۇن خەۋەر قىلىنىدۇ. بەيگىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان يۈگۈرۈك ئات بىر - ئىككى ئاي بۇرۇن تۇتۇلۇپ، تاڭ ئاشۇرۇلۇپ بېقىلىدۇ. قازاقلار ئىچىدە مەخسۇس ئات سىنچىلىرى ۋە ئات بېقىش كۈتكۈچى ئادەملەر بولىدۇ. ئۇلار «يۈزلىگەن ئات ئىچىدىن يۈگۈرۈكنى، مىڭلىغان ئات ئىچىدىن تۇلپارنى بىلىۋېلىش بىلەن بىرگە قايسى يۈگۈرۈك ئاتنىڭ قانداق شەكىلدە يۈگۈردىغانلىقىنى، قانداق يەر شارائىتىنى خالايدىغانلىقىنى ئايرىيدۇ ۋە ئاتلارنى تاڭ ئاشۇرۇپ باقىدۇ.

قازاقلارنىڭ ئات بەيگىسىدە بەيگىگە چۈشىدىغان ئاتقا مىنىدىغان باللار 10 — 13 ياشلار ئەتراپىدا بولىدۇ. بەيگىگە چۈشىدىغان ئاتقا يەڭگىل ئىگەر - توقۇم توقۇلۇپ، ئات قۇيرۇقى تارىلىدۇ، كۈكۈلىسىغا قىزىل، يېشىل، ئاق رەختتىن بەلگە باغلىنىدۇ. بەيگە ئېتىغا مىنىدىغان باللارغا كېپىنەكنىڭ قانىتى شەكلىدە تۈرلۈك كىيىملەر تىكىپ كىيگۈزۈلىدۇ. بۇ ئاتلار 20 — 30 كىلومېتىر، ھەتتا 50 — 60 كىلومېتىر يىراقلىققا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلارنى ئېلىپ بارغۇچى كىشى ئاتلارنىڭ قايتىدىغان جايىغا بارغاندا، ئاتلارنىڭ چېپىشى ئۈچۈن بۇيرۇق قىلىپ ۋارقىرايدۇ. ئاتلار كەلگەن يولى بويىچە ئاخىرقى پەللىگە قاراپ چاپىدۇ. ئاتقا مىنگەن باللارنىڭ قامچىسىنىڭ سېپىغا ياغلىق باغلىنىدۇ. باللار كېتىۋېتىپ، مۇشۇ ياغلىق بىلەن ئاستىدىكى ئاتنىڭ كۆزىنى پات - پات سۈرتۈپ تۇرىدۇ، چۈنكى كۆزىگە تەر كىرىپ كەتكەن ئات يۈگۈرەلمەيدۇ.

بەيگىگە سېلىشقا ئېلىپ كېتىلگەن ئاتلار قايتىپ كەلگىچە ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرغان كىشىلەر پالۋانلارنى چېلىشىشقا سالىدۇ. ئاتنىڭ قارىسى كۆرۈنۈش بىلەن پالۋانلارنىڭ چېلىشىشى توختىتىلىدۇ. ئاخىرقى پەللىدە ئاتقا مۇكاپات بېرىلىدىغان نومۇرلارنىڭ ھەر بىرىنى بىر ئادەم تۇتۇپ ئاتقا مىنىپ تۇرىدۇ. بىرىنچى ئاتنىڭ نومۇرىنى تۇتقان كىشى بىرىنچى بولۇپ كەلگەن ئاتقا مىنگەن بالىنىڭ قولىغا نومۇر بېرىدۇ. بەيگىگە قاتناشقان ئاتنىڭ سانىغا قاراپ بەش ئاتتىن، 25 ئاتقا قەدەر مۇكاپات بېرىلىدۇ. لېكىن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغىنى 1-، 2-، 3- ئاتلار بولىدۇ. ئېتى بەيگىدە ئوزۇپ كەلگەن كىشى ئالغان مۇكاپاتىنى قەبىلەداشلىرىغا، ئۇرۇق - تۇغقان، قۇدىلىرىغا سەدىقە- (سوۋغا) سۈپىتىدە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. ئادەتتە نەزىر بىلەن توينىڭ ئاخىرىدا ئات بەيگىسى بولىدۇ. بەيگە ئاخىرلاشقاندا نەزىر بىلەن توي ئاخىرلاشقان ھېسابلىنىپ، يىغىلغان ئامما تارقايدۇ.

www.uyghurkitap.com

## ئوغلاق تارتىش

ئوغلاق تارتىش — ئادەم بىلەن ئاتنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى سىنايدىغان بىر خىل تەنتەربىيە ئويۇنى. بۇ ئويۇندا تارتىلىدىغان مالنىڭ بېشى كېسىلىپ، ئىچ - قارنى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. بۇ ئادەتتە ئوغلاق بولىدۇ، لېكىن بۇنى قازاقلار «كۆكبۆرى» دەپ ئاتايدۇ. مۇشۇ «كۆكبۆرى» دېگەن سۆزدىن قارىغاندا، بۇنىڭ تۈركىي خەلقلەرى ئارىسىدىكى «كۆكبۆرى» توغرىسىدىكى تۇتەملىق ئۇقۇمدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئىككى تەرەپ بولۇپ تارتىشقاندا ھەر ئىككى تەرەپ ئوغلاق تارتىشقا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ چەبدەس، كۈچلۈك يىگىتلىرىنى ۋە تاللانغان ئاتلىرىنى چىقىرىدۇ. بۇلار ئالدى بىلەن مەيداندا يەككە - يەك تارتىشىدۇ. ئوغلاقنى كىم تارتىپ ئېلىپ كەتسە، شۇ غەلىبە قىلغان بولىدۇ. مۇشۇ تەرتىپ بىلەن بىر قانچە قېتىم تارتىشىپ خۇمارى قانغاندىن كېيىن (ئويۇن تۈگەشكە ئاز قالغاندا) ئوغلاق كۆپچىلىكنىڭ تارتىشىغا تاشلىنىدۇ. كىمنىڭ ئېتى يۈگۈرۈك بولسا، شۇ ئېلىپ قاچىدۇ. كۆپچىلىك ئارقىسىدىن قوغلايدۇ. يېتىشىۋالغىنى ئوغلاقنى تارتىپ ئېلىپ قاچىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا يەتكۈزمەي ئېلىپ كەتكەن ئادەملەر ئوغلاقنى ئابرويلۇق بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ. بۇ ئائىلە ئۇلارنى مېھمان قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىش ئولتۇرۇشى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

## قىز قوۋار

قازاقلارنىڭ توي - مەرىكىلىرىدىكى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىنىڭ بىرى — «قىز قوۋار»دا كىشىلەر ئىككى تەرەپكە بۆلۈنىدۇ. ئىككىگە بۆلۈنگەن توپنىڭ بىر تەرىپىدىن قىز، يەنە بىر تەرەپتىن يىگىت چىقىدۇ. ئۇلار تاللانغان ئاتقا مىنىپ، قاتارلىشىپ يۈرۈپ، كۆز كۆرۈنگەن يەردىكى بەلگىلەنگەن جايغا بارىدۇ. يولبويى يىگىت قىزغا چاقچاق قىلىشقا، ھەتتا ئۇنى سۆيۈۋېلىشقىمۇ بولىدۇ. «بۇ ئويۇندا چەكلىمە يوق» دېگەن سۆز ئادەتكە ئايلانغان. قايتىش پەللىسىگە يەتكەندە يىگىت قاچىدۇ، قىز قوغلايدۇ. ئەگەر يىگىت يەتكۈزمەي كەلسە، يىگىت تەرەپ غەلىبە قىلغان بولىدۇ. قىز قوغلاپ يېتىشىۋالسا يىگىتنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ بېشىدا قامچا ئوينىتىپ توپقا ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ قىز تەرەپنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە قىز ئورنىغا چوكانلارمۇ، چوڭ ئاياللارمۇ چىقىدۇ. بىراق ئۇلار ئۆزىگە تەڭتۇش ئەرلەرنى قوغلايدۇ.

## مۇشە ئېلىپ قېچىش

«مۇشە» دېگەن قىزىل - يېشىل ياغلىق ياكى پارچە رەختلەرنى كۆرسىتىدۇ. مۇشە ئالدى بىلەن ئۈچقۇر ئاتقا مىنگەن چەبدەسكە بېرىلىدۇ. ئۇ، مۇشۇ ياغلىقنى ئېلىپ پۇلاڭشىتىپ چاپىدۇ. كىم قوغلاپ يېتىشىۋالسا، ئۇنىڭ قولىدىن مۇشەنى ئېلىپ قېچىۋېرىدۇ. باشقىلارمۇ قوغلايدۇ. مۇشە ئېلىپ قېچىشقا قاتناشقۇچىلار كۆپىنچە يىگىرمە ياش ئەتراپىدىكى ياش يىگىتلەر بولىدۇ. ئۇلار يەرنىڭ ئېگىز - پەس، ئويمان - چوڭقۇرىغا قارىماي قويۇندەك ئۇچۇپ مۇشە ئېلىپ قاچىدۇ. بۇ، يىگىتلەرنىڭ ئات چاپتۇرۇش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

## تەڭگە ئېلىش

قىزىل - يېشىل رەختكە چېگىلگەن تەڭگە كۆپكۆك چىمەنلىك تۈز يەرگە تاشلىنىدۇ. مۇشۇ تەڭگە تاشلانغان يەرگە بىر مېتىردەك ئېگىز قىلىپ چەنزىلەر توغرىسىغا قويۇلىدۇ. تەڭگە ئالغۇچىلار ئاتنى قاتتىق چاپتۇرۇپ كېلىپ چەنزىدىن سەكرىتىدۇ - دە، يەردىكى تەڭگىنى ئات ئۈستىدە

تۇرۇپ ئېلىپ ئەپكېتىدۇ. چەنزىدىن ئاتنى سەكرىتىپ تەڭگىنى ئېلىپ كېتىدىغان ئويۇنلارمۇ بولىدۇ. بەزىدە چەنزىدىن ئاتنى سەكرەتمەي، چاپتۇرۇپ كېلىپ ئېلىۋالىدىغان ئويۇنلارمۇ بولىدۇ. يەردىن ئېلىۋېلىنغان تەڭگە شۇ ئادەمنىڭ مۇكاپاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئويۇن سەپ تارتىپ تۇرغان ئاممىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

### يامبۇ ئېتىش

بۇ — قەدىمدىن كېلىۋاتقان مەرگەنلىك مۇسابىقە ئويۇنى. بۇرۇنقى زاماندا «ئالتۇن تاۋاق ئېتىش» يەنى «يامبۇ ئېتىش» دەپ ئاتالغان. نىشانغا ئېلىنىدىغان يەردە ياغاچقا باغلاپ ساڭگىلىتىپ قويۇلغان قارىنىڭ يېپى- (بېغى)نى بۇرۇنقى زاماندا ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۈزۈپ چۈشۈرەتتى. كېيىنكى مەزگىللەردە مىلتىق بىلەن ئېتىشقا ئۆزگەردى. بەزىدە يامبۇ ئورنىغا كۈمۈش تەڭگە ئېتىلىدۇ، بۇنىڭغا تەگكۈزگەنلەرگە مۇكاپات بېرىلىدۇ.

### ئاغدۇرۇشماق — (ئۆرۈشمەك)

بۇ — پالۋانلار كۈرىشىنىڭ ئات ئۈستىدە ئورۇندىلىدىغان بىر تۈرى. ئاغدۇرۇشماق ئويۇنىدا، ئادەم پالۋان بولۇشى ھەم ئات كۈچلۈك بولۇشى شەرت. بۇلار ئات بىلەن ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل كېلىپ ئاغدۇرۇشىدۇ. ئىككى تەرەپ بىردىنى - بىرى قولىنىڭ كۈچى ۋە ئاتنىڭ كۈچى بىلەن ئاغدۇرۇۋېلىشقا تىرىشىدۇ. قارشى تەرەپنى ئاتتىن يۇلۇپ ئېلىپ ئاغدۇرۇپ تاشلىيالىغان ئادەم غەلىبە قىلغان بولىدۇ، ئۇنىڭغا مۇكاپات بېرىلىدۇ. بۇمۇ كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوينىلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئادەملىرىگە ئىلھام بېرىپ توۋلايدۇ. غەلىبە قىلغان تەرەپ ئۆز پالۋىنىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ.

مۇشۇ ئويۇنلارغا قاتناشقان تاماشىبىنلارنىڭ پۈتۈن پىكىر - خىيالى ئۆز تەرىپىدىن مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر غەلىبىسىگە خۇشال بولۇپ، مەغلۇبىيىتىگە كايىپ، دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

### بۇ ماقالىنى يېزىشتا پايدىلانغان ئەسەرلەر

«قازاق خەلقىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا»، «قازاق تىلىنىڭ تارىخى ۋە دىئالوكتولوگىيە مەسىلىلىرى»، «قازاق س س س ر تارىخى»، «قازاق ئەدەبىياتى تارىخى»، «قازاق خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى»، «قازاق ئېپوسلىرى»، «قازاق خەلقىنىڭ ئاسترونومىيىسى»، «قەدىمكى قازاق كالېنىدارى»، «قازاقلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى»، «قازاق سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى»، «قازاق تىلىنىڭ پرازولوگىيىلىك سۆزلۈكى»، «ئورخۇن ئابىدىلىرى»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك». ماقالىنىڭ ئىخچام بولۇشى ئۈچۈن بەت ئاخىرلىرىغا ئايرىم ئەسكەرتىش بېرىلمىدى.

---

قازاقچە: «شالغىن» ژۇرنىلى 1984- يىل 4 -، 1985- يىل 1 -سانلىرىدىن تۇرارغازى رەجەپ ئوغلى تەرجىمىسى

تەرجىمە مۇھەررىرى: سائادەت ئابلەت، قۇربان مامۇت

uyghurkitap.com




## يەكشەنبىدە...

**تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم**

شاد كېلۇر ھەركىم بازارغا سۈيۈنىدىم يەكشەنبىدە،
ياڭرىغاي ھەر ياندا خۇش تاشۋاي، ئەجەب يەكشەنبىدە.

سودا-سېتىلە، بەزمە-مەشرەپ كېتىدۇ ھەريان قىزىپ،
مۇڭداشار دوستلار بولۇپ گۈللىباغدا جەم يەكشەنبىدە.

قولى گۈل ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر خېرىدار چاقىرار،
دىلنى تارتار شايى، ئەتلەس ھەم گىلەم يەكشەنبىدە.

مېۋىلىك باغلار كۆچۈپ كىرگەن گويا ھەر رەستىگە،
بۇ بازارنى لاپ ئەمەس جەننەت دېسەم يەكشەنبىدە.

توقچىلىق-ئاۋاتچىلىقتىن سۆيۈنەر قەلبىم مېنىڭ،
ياپرىماس كۆڭلۈم بازارغا كەلمىسەم يەكشەنبىدە.

## پىراق

**ھېيتەم ھۈسەيىن**

بىر جاۋاب بەرمەي ئىنگار، قىينايدۇ دەمسەن ئۆلگىچە،
كىرپىكىڭنى ئوق قىلىپ ئاتسا كېچۇ ئەللىق كۈلگىچە.

چىن دىلىمغا ئوت تۇتاشتى تەپتى گۈلخاندىن ئۇلۇغ،
ھېچ بېسىلماس بۇ پىراق تاكى سەھەردىن تۈنگىچە.

سەيلى قىلسام باغ ئارا ھەر ياندا بۇلبۇل نالىسى،
مەنمۇ سايرامدىم ئاشۇنداق ساڭا يەتكەن كۈنگىچە.

## كەچكى شەپەق

**ئابدۇسالام تالىۋالدى**

مەيىن شامال يەلپۈنۈپ لەرزان،
مەس دولقۇننى ئېتىدۇ باغاش.
گويا چوغدەك قىزاردى شەپەق،
تاغ كەينىگە مۆككەندە قۇياش.

كەلمەكتىمەن يار بىلەن خۇشال،
شېرىن سېزىم يۈرەككە تاراپ،
چۆمۈپ كەچكى شەپەق نۇرىغا،
كەتتۇق باغلار ئىچىگە قاراپ...

## قىز كۈتكەن يىگىت كەلدى

**تۇرسۇن نىياز**

قىش كېتىپ كەلدى باھار،
بولدى گۈل ئالتۇن دىيار.
گۈلچى قىز گۈللەر تېزىپ،
بولدى يارغا ئىنتىزار.
كەلمىدى يارى ئۈنىڭ،
ئۆتتى ياز ئارمان بىلەن.
قىز چىداش بەردى كۆيۈپ،
يۈرسىمۇ ھىجران بىلەن.
كەلدى كۈز كۈتكەن يىگىت،
جەڭ تۈگەپ ئوردىن تاقاپ.
چىقتى قىز گۈل ئورنىدا،
ئۆزىنى يارغا ئاتاپ.





# هاراقكەش

**ئارسلان**

(ھېكايە)

زاكىر توڭلاپ ئويغىنىپ كەتتى. كىرپىكلىرىنى زورىغا ئېچىۋىدى، چىراغ نۇرىدىن كۆزلىرى قاماشقاندەك بولدى، ئۆزىنىڭ قەيەردىلىكىنى دەرھال ئاڭقىرالمىدى. كۆزلىرىنى قايتا يۇمۇپ قىمىر قىلماي يەنە بىر هازا ياتتى. كاللىسىدا گادىرماش خىياللار پەيدا بولدى: بۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىمىدۇ؟ ئۆيدىكى چىراغ بۇنچە ئېگىز ئورنىتىلغاندەك قىلمىۋىدى، ئۆيىنىڭ هاۋاسىمۇ مۇنچىۋالا سالقىن بولماسلىقى كېرەكتى، قورۇدا قونۇپ قېلىۋىدىمىكى يا؟ بۇ دېگەن ياز كېچىسى، شەھەردىكى ئۇيغۇرلار ئۆگزىدە ياكى بلواڭلىقتا، باغلاردا قونۇشقا ئامراق. شەھەرلىكلەردىغۇ بۇنداق ئادەت يوق، توغرىسى شارائىت يوق. شۇنداقتىمۇ بەزىدە

## تۇرمۇش ئەينىكىدە

زاكىر ئۆزىنىڭ كىچىككىنە قورۇسىدا تۇنەپ قالاتتى. بىراق قورۇدىمۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى خادىغا بېكىتىلگەن چىراغ يوق ئىدى. يەرمۇ چۆيۈندەك قاتتىق ئەمەستى. ئەمەسە بۇ قەيەر؟ ئۇ قانداقچە بۇ يەردە سۇنايلىنىپ ياتىدۇ. تۈرلۈك ئەھۋاللارنى خىيالىدىن كەچۈرۈپ باقتى، يەنىلا ھېچنەرسىنى ئەسلىيەلمىدى. قۇلىقىغا شالاپلىغان يېقىمسىز تاۋۇش ئاڭلاندى. بۇ تاۋۇش يېقىنلا جايدىن، يېنىدىنلا چىقىۋاتقاندەك ئىدى. كاللىسى سەگگەندەك، سەگەكلەشكەندەك بولدى. بۇ قېتىم چىراغنىڭ—سېمونت تۈۋرۈك ئۈستىدىكى ئۈزۈن ئەگمە تۆمۈرنىڭ ئۇچىغا بېكىتىلگەن كوچا چىرىغى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بۇ نېمە ئىش، ئۇ يەنە مەس بولۇپ كوچا - كويلاردا يىقىلىپ قالغان بولمىسۇن؟ ئۇنىڭمۇ پات - پات ئۆلۈكتەك مەس بولۇپ تالا - تۈزدە يېتىپ قالىدىغان ئۇيياتلىق ئادىتى بار. كىملەردۇ ئۇنى بەزىدە ئاشپۇزۇل، كىنوخانىلار ئالدىدىن، بەزىدە ئەخلەتخانا، يۇندا ئورەكلىرى تۈۋىدىن ھېچنېمىنى تۇيماي لايدەك لاپچىيىپ ياتقان يېرىدىن كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئەكېلىپ قوياتتى. ئۇيغۇر دېگەن شۇنداق يۇمشاق كۆڭۈل خەق، بىرەر ئادەمنىڭ يىقىلىپ قالغانلىقى ياكى تاياق يەۋاتقانلىقىنى كۆرسە نېمە كارىم دېمەيدۇ.چاتاق يېرى شۇكى،ئۇ، مەس بولغانىنىڭ ئەتىسى پەيلىرى ئۈزۈلۈپ، ئۈستىخانلىرى ئاجراپ كەتكەندەك جېمى ئەزايى - بەدىنى سىرقىراپ ئاغرىپ ئويغىناتتى.كىشىلەر ئۇنى «ئىچكۈلۈككە بېرىلىپ ئۆزۈڭنى نابۇت قىلىۋاتىسەن» دەپ ئەيىبلەيتتى. ئۆمەك باشلىقلىرى «ھاراقكەشلىك قىلىپ يامان تەسىر بېرىۋاتىسەن، ئىقتىدارىڭنىمۇ، ئىستىقبالىڭنىمۇ كۆيدۈردۈڭ» دەپ تەنقىدلەيتتى. بۇ ناچار ئادەتنى تۈزىتىش ھەققىدە پەند - نەسىھەت قىلاتتى. تۇغقانلىرى «قېرىلىقتى بىلمىگىنىڭ نېمىسى، ئەينەككە قاراپ باقساڭچۇ، مۇناپىق، چىرايىڭ تۆگىنىڭ توققۇز تولىقىدەك قاتلىشىپ كەتتى، بەدىنىڭ لىغشىپ قالغان پور كۆتەكتەك ئاجىزلاشتى، ئەمدى ھاراق كۆتۈرەلمەيسەن، پېيەنچۈك بولۇپ ئۆلۈكۈڭ كوچىلاردا قالمىسۇن» دەيتتى. زاكىر بولسا ھەممىسىگىلا «دەردمەن ئادەممەن، دەردىم بولغاچقا ئىچىمەن» دەيتتى. دەردىنى سورىسا ئېيتمايتتى. شۇڭا بەزىلەر ئاڭلىتىپ - ئاڭلاتماي ئۇنى پاسىق ئادەم دەپ تىللايتتى. دەرۋەقە، زاكىرنىڭ دەردى چەكسىز ئىدى، چۈنكى ئۇ ھاراقنى چەكسىز ياخشى كۆرەتتى، ھاراققا چەكسىز خۇمارى بار ئىدى. مانا شۇ ھەۋەس، شۇ خۇمار ئۇنىڭ دەردى ئىدى. ئۇ بۇ ھەۋەستىن قۇتۇلالمايتتى، قۇتۇلۇشنىمۇ خالىمايتتى. شۇنداق، بەزىلەر بىرەر ئەرزىمەس كەسىپ، خوتۇن - قىز ياكى قانداقتۇر بايلىقنىڭ لەززىتىگە كۆيمەمدۇ، جان بېرىدىغۇ؟ زاكىر ھاراققا كۆيسە، ئۇنىڭ لەززىتى يولىدا جان بەرسە نېمە بوپتۇ؟ شۇڭا ئاق كۆڭۈل نەسىھەتچىلەرنىڭ بىكارغا ئېغىز ئۇپراتقىنى ئۇپراتقان ئىدى. يۇخادىن چىقىپ، مەسلىكتىن يېشىلگەندىن كېيىنكى چىدىغۇسىز تەن ئازابىنى تارتىۋېتىپ بەزىدە ئۆزىمۇ «ۋاي دات، مۇشۇ ئىتنىڭ كۈنىدىنمۇ، جاندىنمۇ تويدۇم، ھاراق دېگەنگە ئىككىنچى يېقىن يولىمايمەن ئەزبىرايى خۇدا» دەپ غوڭشۇيتتى، قەسەم ئىچەتتى، ھەتتا بىر نەچچە كۈنگىچە ھاراقنى تەرك قىلاتتى. بىراق ئۇزاققا بارمايلا خۇمارى قايتا تۇتاتتى، دەردى قايتا قوزغىلاتتى، ئىچىشنى يەنە باشلايتتى - دە، ھەممە جەريان قايتا تەكرارلىناتتى. نىھايەت، زاكىر ئارىلىشىپ قالايمىقانلىشىۋاتقان پىكىرلىرىنى ئۆزىدىن نېرى ھەيدەپ، خۇشياقماسلىق بىلەن بېشىنى كۆتۈردى. كۆرگەنلىرىگە ئىشەنمەي كۆزلىرىنى بىر نەچچە مەررە جىمىدىي چىمىچىقلاتتى، دەررۇ جەينىكىگە تايىنىپ گەۋدىسىنى يېرىم كۆتۈردى، يېنىدىلا بىر كۈچۈك يەردىكى ئاللىقانداق بىر نەرسىنى شالاپلىتىپ يالاۋاتاتتى. زاكىر زورۇقۇپ قىمىرلاپ سىڭايان ئولتۇردى. ئىت قاچتى، بىراق ئىككى-ئۈچ ماڭدام نېرىغا بېرىپ زوڭزايدى. بىردىنلا زاكىرنىڭ

مىڭىسى ئۆتكۈرلىشكەندەك بولدى، بەرى ئايدىڭلاشتى: ئۇ كەچقۇرۇن هاراقنى جىق ئىچىۋالغان، ئىچكەندىمۇ بىر نەچچە ئادەمنىڭكىدە ئىچكەن. ئۇنىڭ بەزىدە مانا شۇنداق ئۆيمۇ - ئۆي يۈرۈپ هاراق سۈمۈرىدىغان ئادىتى بار، خۇددى هېيتتىكىدەك. ياق، ئادەملەر كۈندە هېيت قىلىسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ هەي، ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇكىمىغۇلار ئۇنىڭ بەكرەك تەڭشىلىپ قالغانلىقىنى كۆراۋپ تۇرۇپمۇ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويايلى دېمىگىنىنى. بۇ كەمدىكى ئادەملەردىغۇ ۋاپا قالمىدى، ئىنساپ قالمىدى، مېھرى - مۇھەببەت، ئەقىدە، دىيانەت دېگەنلەر كۆڭۈللىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرلىرىدە ئۆزلىرىدىن باشقا هېچكىم يوق. مانا مەسىلەن، ئۇلار زاكىرنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنمىسىمۇ، مىللەتنىڭ ئاتاقلىق ئىجادكارى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئاسىرىشى كېرەكتىغۇ. ئۇلارنىڭ ئىجادكار، سەنئەتكار، ئالىم دېگەنلەر بىلەن نېمە چاتىقى؟ ئىجادكارغا كۆيۈنۈش خېيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ئۇلار مىللەتنىمۇ ئويلىشىپ كەتمەيدۇ. بىر ئىجادكارنى نابۇت قىلىشنىڭ مىللەتكە قانچىلىك ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ، چۈشەنسىمۇ ئىشەنمەيدۇ! توغرىراقى چۈشەنگۈچىلىكى يوق. زاكىرنىڭ «دەردىم بار» دېگەن سۆزىنىڭ بىر مەنىسى مەشەدە. ئۇ قارىنىغا يىغلىمايدۇ، قەدىرىگە يىغلايدۇ... زاكىر ئاخىرقى قېتىم كىمنىڭكىدە هاراق ئىچىۋىدىكىنە؟ ئەهمەت، باقىيوپ، يالقۇن، هېلىموپىنىڭكىدىمۇ-يا؟ ياق، شۇ ئېسى قۇرۇپ كەتسۇن، كىم بىلەن ئىچىشكەنلىكىنى زادى ئېسىگە ئالالمىدى. كۆزى يەنە هېلىقى كوچۇككە چۈشتى. كوچۇك كۆرۈمەسىز، قوتۇر ئىدى. چىراغ يورۇقىدا كۆزىگە ئالا -بۇلىماچىتەك كۆرۈندى. كوچۇك ئۇنىڭغا مۆلىيىم، يالۋۇرغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. «هە، ئۇمۇ ئولتۇرۇپتۇ، نېمىشقا مۇنداق قارايدىكىنەنە، دوست بولۇشنى خالاۋاتامدىغاندۇ، بەلكى مېنىمۇ ئۆزىدەك يالغۇز، مىسكىن، سەرگەردان هېسابلىغاندۇ، -دەپ غۇدۇڭشىدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، - ياق، باياتىنقى جايغا قايتىپ يەردىكىنى يالاشقا رۇخسەت سوراۋاتقاندۇ بەلكى.» زاكىر كۆز قىرىدا يەرگە قارىدى. يەردە ئۆزى قۇسقان تاماق ئارىلاشمىلىرى ياتاتتى. بىردىنلا ئۇيغۇر باللارنىڭ هاراقكەش تۇغرىسىدا توقۇغان بىر لەتىپىسى يادىغا چۈشتى. بۇ لەتىپىنى ئۇ 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىمۇ ياكى 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىمۇ، ئەيتاۋۇر شۇ ئەتراپتا تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان، هوزۇر قىلىپ كۈلگەنىدى. كېيىن تەكرار - تەكرار ئاڭلىسىمۇ زېرىكمىگەن، زوقلىنىشى سۇۋۇمىغانىدى. بۇ لەتىپە پۈتۈن مەزمۇنى بىلەن يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سىن ئالغۇ سۈرەتلىرىدەك نامايەن بولدى. لەتىپە مۇنداق ئىدى: بىر هاراقكەش مەس بولۇپ يول بويىغا يىقىلىپ قاپتۇ. بىر چاغدا هوشىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا ئۈستىبېشى بۇلغانغان بىر ئىت يەردىكى تاماق قالدۇقلىرىنى يەۋاتقۇدەك. مەسنىڭ ئۇنى كۆرۈپ كۆزلىرى چەكچىيىپتۇ. هەيرانۇهەس بولۇپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەشكە باشلاپتۇدەك: «ماۋۇ لەڭمەننىغۇ ئەمەتنىڭ ئۆيىدە يېگەن، ئاۋۇ پولۇنى ئايشەم هەدىنىڭكىدە قاسىمغان، گۆشنى قاسىمنىڭكىدە چالا چاينىپ يالمىغان. مۇنۇئۇستىبېشى تاماق بوتقىسىغا چىلاشقان كوچۇكنى كىمنىڭكىدە يۇتۇۋن يۇتقان بولغىيدىم. ئۇنىڭ تاقاشماي پۈتۈن تىرىك كىرىپ - چىققىنىغا قارىغاندا، كانىيىمۇ، ئاشقازىنىمۇ يەتكۇدەك باركەن جۇمۇ...» زاكىر گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. هازىرقى هالىتىنىڭ شۇ لەتىپىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ مىيىقىدا كۈلدى. ئاندىن هازىدار ئادەمدەك بېشىنى تۆۋەن سالدى.

زاكىر هاۋادىكى هاراق پۇرىقىنى قىزىل گۈل هىدىنى پۇراۋاتقاندەك قاتتىق بىر تىنىقتا شۈمۈردى. ئاندىن ئۆمىلەپ قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ تىرمىشىپ قوپتى - دە، ئىتنى قوغلىدى.

ئۇنىڭ بېشى زىڭىلداپ ئۆزى دەلدەڭشىيەتتى. ئىت قۇيرۇقىنى ئىچىگە قىسىپ يورغىلاپ، ئۇدۇل كەلگەن بىر تار كوچىغا ئۆزىنى ئالدى - دە، كۆزدىن غايىب بولدى. زاكىر قويۇننىڭ ئىچىدە قالغان ئادەمدەك پىرقىراپ، دەلدۈسلەپ كېلىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنى دەڭسەپ توختىدى. بۇ يەرنى قاتار كەتكەن لامپۇچكىلار كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئۇ ئىككى قولىدا بېشىنى تىرەپ جىمجىت، ئادەمسىز يولغا بىر هازا قاراپ تۇردى. ئارىلىشىپ كېتىۋاتقان پىكىرلىرىنى ئايرىشقا تىرىشىپ، شالاڭ چاچلىق بېشىنى قاتتىق تاتىلىدى. بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرى پەقەت تۈن نىسپىدىن خېلى ئۆتۈپ، تاڭغا ئاز قالغاندىلا مۇشۇنچىلىك خالى - جىمجىت بولالايتتى. زاكىر سائەتكە قارىماقچى بولۇۋېدى، بىلىكىدە سائەت يوق بولۇپ چىقتى، سائەتنى چىقار چاغدا ئۆيدە قالدۇرۇپ چىققانمۇ ياكى مەس بولغاندىن كېيىن يوقاتتىمۇ، ئېسىگە ئالالمىدى. ئالدىغا بىر نەچچە چامدام ماڭدى. ئۆكچىسىنىڭ تاۋۇشى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى. بىردىنلا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئانچىلا يىراق بولمىغان جايدىكى توك سىم تۈۋرۈكى تۈۋىدە ئادەم كۆلەڭگىسىنى كۆرگەندەك قىلدى. كۆزىنى چىمىلدىتىپ سەپسالدى. چەكچەيگىنىچە قادىلىپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ تونۇشلا چىرايغۇ، خىيالى تۈيغۇ بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە، ياق، تۈيغۇ دېگەن بۇنداق چىن، ئېنىق بولمايدۇ. ئىش ئويدىن كېلىپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇغۇ. بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى ئايالى قەمەرغۇ. بۇ هادىسە شۇنداق تاسادىپىي ۋە تەبىئىي سادىر بولدىكى، زاكىر ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قەمەر يەر تېگىدىن بىر قاراپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆمىسىلىغۇ، زاكىرنىڭ هاراقخورلۇق قىلىپ مەس بولغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە جۇدۇنى تۇتقان ئوخشايدۇ. هە، ئۇ زاكىرنى هاراقتىن مېھىر ئۈزگۈزەلمىگەندىن كېيىن، ئۆزى زاكىردىن مېھىر ئۈزۈپ، ئۇنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنتىغۇ. بۇ يەردىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر شەھەرگە ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتكەن، كېيىنرەك سوتقا خەت يېزىپ مەجبۇرىي ئاجراشقان، بۇنىڭغىمۇ 20 يىلدىن ئارتۇق بولۇپ قالدى. زاكىر بۇ 20 يىل داۋامىدا يەنە ئۈچ قېتىم ئۆيلەندى. يەتتە يىلغا بىردىن خوتۇن... زاكىر ئاغزىدىن غەزەپلىك هاقارەت سۆزلىرىنى چىقاردى. قەمەر تەرەپكە چامدىدى. تووا، بۇ قەمەر نېمانچىلا ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئۇ ئاجراشقان چاغلىرىدىكى چىرايىغا دەرد قورۇقلىرى تور تارتىشقا باشلىغان غەمكىن قەمەرگە هېچ ئوخشىمايدۇ. يېڭى تونۇشۇپ مۇھەببەتلەشكەن تۇتۇنغان چاغدىكى قەمەر قىزغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ. ئادەملەر ياشىغانسېرى ئالدىغا مېڭىپ قېرىلىققا يېقىنلاشسا، ئۇ ياشىغانسېرى كەينىگە يېنىپ ياشلىققا قايتقانمۇ - قانداق؟ هاراقكەشتىن قۇتۇلغاچقا ياشارغانمىدۇ - يا؟ شۇنداقتۇ ئەتىمالىم. زاكىرنىڭ بەزى ئىشداشلىرىمۇ «هاراق ئادەمنى چاپسان قېرىتىدۇ» دەپ ۋايساپ يۈرۈشەتتى. مانا ئۇنىڭ هاراقكا چىلانغان يىللار قالدۇرغان قورۇقلىرى چىرايىنىڭ هەر بىر كەچمىش تارىخىنى ئايرىپ كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتىدىغۇ. قېرىتىسىمۇ قېرىتىدىغاندۇ، لېكىن يۈرەكنى ئويىنىتىدۇ - دە. شۇنداق، يۈرەكنى ئويىنىتىدىغان نەرسىلەرنىڭ هەممىسى ئادەمنى ئاسان قېرىتىدۇ. مانا زاكىرنىڭ چاچ - ساقاللىرىمۇ تۆگەل ئاقىرىپ بولاي دېدى، بوياپ جان توشاتقىلىمۇ بولمايۋاتىدۇ. ئۆزىمىغۇ خەققە 45 كە كىردىم دەپ قويغىنى بىلەن 50نىڭ قارىسىنى ئالدى. يېرىم ئەسىر دېگەن ئوڭايمۇ، ۋاي، نېمە بولسا بولسىنا، قېرىتسا قېرىتمامدۇ، يۈرەكنى ئويىنىتىۋالغان ئەۋزەل، كىم جاھانغا تۈۋرۈك بولاتتى. چىگىش ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ نېمە. هاياتنىڭ غېمىنى كۆپ يېمىگەن ئادەملا هاياتتىن زېرىكمەيدۇ.

— قەمەر، جېنىمنىڭ جانانىسى، يۈرىكىمنىڭ يەكپارىسى، قايتا ياشىرىپسىز - دە، هاراقكەشلىك

گۈناھىمىدىن ئۆتۈڭ. بىز دەسلەپ تونۇشقان چاغلاردىمۇ سىز مۇشۇنداق ياش ئىدىڭىز، ئاي يۈز-
لۈك قەلەم قاشلىق...

زاكىر سەندەرەكلەپ كېتىۋېتىپ كوتۇلدىدى، دەۋاتقانلىرى 25 يىلدىن بۇرۇنقى ئىش ئىدى. زاكىر شۇ چاغدىمۇ يەنىلا ھازىرقى سەنئەت ئۆمىكىدە ئىجادىيەتچى ئىدى، ناخشا تېكىستى يازاتتى. خىزمەتكە ئورۇنلاشقىنىغا ئەمدىلەتىن بىر نەچچە يىللا بولغاچقىمىكىن، ئۇنچە قاتمالمۇ، قىتىمالمۇ، قىتىغۇرمۇ ئەمەس، ياشلىق جۇشقۇنلۇقى بار، ئىجاد قىلىش قابىلىيىتى بولمىغىنى بىلەن بىر ئاز تەقلىد قىلىش قابىلىيىتى ۋە تىرىشچانلىقى ئىگە ئىدى. كەمچىلىكى ھاراققا ياخشىلاپ كىرىشىۋاتقانلىقى ئىدى. لېكىن ياش بولغاچقا ئۇ چاغلاردا ھاراقنى ئۇبدانلا كۆتۈرەلەيتتى. قەمەر غۇنچە بوي، خېلى ئىسكەتلىك قىز ئىدى. ئاق قىزىل چىرايىدىكى ئىلىپتەك بۇرنى ئېقىپ چۈشكەندەك تۈز بولۇپ، كىيىكنىڭكىدەك قاپقارا كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇراتتى. شوخىنىسى شوخراق بولۇپ، تۇتۇق بەرمەيتتى. زاكىرغا ئۇ نەزەر - كۆزىرىنى سېلىپمۇ قويمايتتى. زاكىر ھەر خىل قىلىقلارنى قىلىپ باقتى،ئۆزىگە جەلپ قىلالمىدى، زەردىگۈش بولدى. ئاخىرى دەردىنى ياشانغان بىر ئائىلە ئايالىغا ئېيتتى. ياشلىقىنى ئەگرى كوچىلاردا قالدۇرغان بۇ گەپدان خوتۇن دەللە نامى بىلەن يېقىن - يىراقلارغا تونۇش ئىكەن، «سەتەڭ» دېگەن لەقىمى ساقلانغىنى بىلەن ئۆزى مومايلىق بوسۇغىسىغا بېرىپ قالغانىدى. بۇ خوتۇن كۆپ پۇل ئېلىش شەرتى بىلەن قەمەرنى زاكىرنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. زاكىرمۇ مەردلىك قىلىپ دەررۇلا ئۇنىڭ قولىغا جىقلا پۇلنى سىقىملاتتى. شۇنداق قىلىپ ئىش تەۋرىشكە باشلىدى. ئۇ خوتۇن يوقىلاڭ باھانىلەرنى تېپىپ ھەيران قالغۇدەك تېزلىكتە قەمەر بىلەن تونۇشتى، يېقىن بولدى. ئەتىگەن - ئاخشىمى قەمەرنىڭكىگە قاتراپ ئۇنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇردى. ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ مېھمان قىلدى. پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئېلىپ بارغاندىن كېيىنكى بىر قېتىملىق مېھمان قىلىشتا چەينەككە - دەملەۋاتقان چايغا ئىزىپ تەييارلانغان مەس قىلغۇچى مەجۇننى سېلىۋەتتى. ئۇنى ئالدانغان قىزغا تۇيدۇرماي ئىچكۈزۈۋەتتى. ھايال ئۆتمەي قىز بىھوش بولۇپ يېقىلغاندا يان ئۆيگە چىقىدىغان ئىشىكنى ئاچتى. زاكىر خېلىدىن بۇيان شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. خوتۇن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن زاكىر ئىشىك - دېرىزىنى تاقىدى. مەست ئۇخلاۋاتقان قەمەرنى تىترىگەن قوللىرىدا قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ئاپاردى. كىيىملىرىنى يېشىپ قويۇشقا كىردى... گەرچە ئىلگىرىمۇ بىر نەچچە قېتىم مەس بولۇپ كوچا سەتەڭلىرىنى ياتىقىغا ئوغرىلىقچە ئەكىرىپ ياتقان بولسىمۇ بۇ قېتىمقىسى ئېسىگە چوڭقۇر ئورناپ قالدى. ئەتىسى قەمەر ھوشىغا كېلىپ نومۇسقا چىدىيالماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولۇپ دەريا بويىغا باردى. شارقىراپ ئېقىۋاتقان قورقۇنچلۇق ئېقىنغا قاراپ قورقتىمۇ ياكى ئۇن گۈلىنىڭ توققۇزى ئېچىلمىغان ياش ھاياتىنى قىيماي شەيتىنىغا ھاي بەردىمۇ ئېيتاۋۇر ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدىن ياندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زاكىر ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ ئۆمىلەپ يۈرۈپ «پاختىكىڭىز بولاي، تورغىيىڭىز بولاي، ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا قۇلىڭىز بولاي، ماقۇل دەپ مەن بىلەن توي قىلىڭ، خوش بولۇپ كېتەي، ئايىغىڭىزغا پېتەك، كۆڭلىڭىزگە ئېتەك بولاي» دەپ يالۋۇردى، ھاراق ئىچمەسلىك ھەققىدە «بىسمىللايىمزىم» دەپ قەسەم ئىچتى. ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئۆمەكتىكى بەزى ئارتىسلاردىن ئۆگىنىۋالغان «كۆڭۈل ئېلىش، كۆڭۈل ئوغرىلاش» چارىلىرىنىمۇ تولۇق ئىشقا سالدى. كۆزىنىڭ ۋە بۇرنىنىڭ سۈيىنى تەڭ ئېقىتتى. ھېلىقى دەللە خوتۇنمۇ ئارىغا چۈشۈپ «زاكىر دېگەن ئاتاقلىق ياخشى ئىجادچى، ياخشى بېيىتچى، ياخشى

uyghurkitap.com

يۇرتتىن، ياخشى ئادەمنىڭ بالا ۋاقىسى، ياخشى دوستلىرى، ياخشى تونۇش ئىلھەتلىرى بار، ياخشى ئورۇندا ئىشلەيدۇ...» دېگەندەك «ياخشى» رەۋىشىنى قاتار ئىزدۇەتتى. قەمەرمۇ ئۇياق ئويلاپ، بۇياق ئويلاپ زاكىرغا تېگىشتىن باشقا بۇ رەسۋاچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ياخشىراق چارىسىنى تاپالمىدى. ئىشنىڭ تەرەققىياتىنى ياخشى تەرەپتىن ئويلاشقا ئۆزىنى زورلىدى. «شۇنچە ياخشى كۆرگەندىكىن ھۆرمىتىمنى قىلار، ياخشى ئۆتۈپ قالساق ئەجەپ ئەمەس» دەپ ئۈمىدلەندى. سالا - سۆلە بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلدى. ھالبۇكى توي مۇراسىمى ئاددىيلا ئۆتكۈزۈلدى. ئۆزىمىغۇ چوڭ قىيىنچىلىق يىللىرى ئىدى، باياشاتلىق مۇمكىنچىلىكىمۇ يوق ئىدى. بىراق زاكىر ئىمكانىيىتى يېتىدىغان ئادەتتىكى ئىشلارنىمۇ قىلمىدى. چۈنكى تاپقىنىغا پەشتاختىغا يۆلىنىپ ھاراق ئىچىۋېتىدىغان بولغاچقا كەينىگە تاشلاپ ماڭغان ھېچنېمىسى يوق ئىدى. قەمەر ئۆزىنىڭ قىزلىق دۇنياسى بىلەن جۇدالىشىش قايغۇسى، خوتۇنلۇق دۇنياسىغا قەدەم قويۇشنىڭ خۇشاللىقى مۇجەسسەملەنگەن مۇراسىمنىڭ شۇنچىۋالا سوغۇق ئۆتتۈۋاتقانلىقىغا چىدىماي ئىچ - ئىچىدىن ئۈنسىز يىغلىدى. ئانىسى بىلەن خوشلىشىش سورۇنىدىمۇ ھۆكۈرەك ئېيتىپ قورۇنى كۆتۈرۈۋەتتى. تويدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا تۈزەتمەك قىيىن بولغان خاتالىقتا يول قويغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. ھاراقنى زاكىر ئىچسە دەردىنى قەمەر تارتتى. زاكىر تاپقان تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى قاۋاقخانىدا قويۇپ كىرەتتى. ئۇنىڭدا «ئىجادىيەتچى» دېگەن قالپاقتا چۈشلۈق كاللا يوق ئىدى. بار كاللىمۇ كۈنبويى مەس - بىھوش تۇراتتى. ھاراق تۈگىگىچە چىلانغان قاپاقتەك شىرشىم ئىدى. شۈگۈلاشقا ئۇنىڭ قاپىيىلىك تەييار شوئارلاردىن تۈزۈلگەن ناخشا تېكىستلىرىمۇ ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. بىر پەردىلىك دراما دەپ بىر - ئىككى نەرسىمۇ يېزىپ باقتى، ئۆمەك باشلىقلىرىغا كۆكەمىلىك قىلىپ يۈرۈپ سەھنىگىمۇ ئېلىپ چىقتى، بىراق ھېچكىم قىزىقمىدى، بازىرى كاسات بولدى. ئۇ غەيۋەتكە ئامراق بولغاچقا ئۇنى باشلىقلار ياخشى كۆرمەيتتى. كاچ تەلىيىگە ئۆمەكنىڭ شائىرلىق ئاتاقتىن تامايى بار بىر قوشاقچى باشلىقى بولۇپ ئۇ ئۇنى ئالۋاستىدەك يامان كۆرەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆمەك ئىچىدە قەد كۆتۈرۈشىگە ئىمكان بەرمەيتتى. قوشاقچى باشلىقنىڭ سۆلىتى بولغان بىلەن ئەقلى يوق ئىدى. لېكىن ئۇنىڭدا ئافرىقا ياۋا كاللىرىنىڭ يىرتقۇچلىقىمۇ، يايلاق تۈلكىلىرىنىڭ قۇۋلۇقىمۇ، قۇرۇقلۇق يىلىنىنىڭ زەھىرىمۇ بار ئىدى. بۇ مۇناپىق قوشاقچى بەلكىم ئۆمرىدە ھېچقانداق ئىجادىيەتچىنى ياخشى كۆرمىگەندۇ. بولمىسا نېمىشقا قوشاقنى ئاران چۈشىنەلەيدىغان لېكىن يازالمايدىغان ئادەملەرنىلا ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ. ھەسەتتىن، ئىچى قارىلىقتىن، سۇيىقەستتىن ئاپىرىدە بولغانىدىكى بۇ پاسىق، بەلكى رەزىللىكنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدۇر. بۇ شەيتاندىن تامغان خۇمىسىنى تۆتكوچا دوخمۇشىدىكى لەنەت تۈۋرۈكىگە باغلاپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە نۆۋەت بىلەن كالتەكلىتىپ ئۆلتۈرسە پۇخادىن چىقارمىدىكى زاكىر. ئۆزىمىغۇ كەسپتە ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلارنى ئانچە ياقتۇرمايدۇ. پەيتى كەلسە كەسپتىكى رەقىبلىرىنىڭ كاللىسىنى قوشقاچنىڭ كاللىسىدەك ئۈزۈپ تاشلىغۇسى كېلىدۇ. خۇيى تۇتقاندا، مەنپەئەت توقۇنۇشى بولغاندا شۇنداق ئويلايدۇ. ئادەتتىمۇ ئۇنچىۋالا ئىزچىل قوغلاپ زەربە بېرىپ يۈرمەيدۇ. ئۇنىڭغا ۋاقتىمۇ يوق. ئۇنداق ئىشتا ھېلىقى قوشاقچى كاززاپ باشلىقنىڭ ئالدىغا ھېچكىم ئۆتەلمەيدۇ، داڭقىمۇ يېتەرلىك. زاكىرمۇ ئۇنى سورۇن تاللىماي، ئۇنتۇماي سېسىتىپ ماڭىدۇ. قولىدىن گەپتىن باشقا نەرسە كەلمىسە نېمە ئامال. بۇ ئۆلگۈر قارا يۈز قارغىش قېپى نېمانداق ئېسىگە كېلىۋالىدۇ. «توۋا، يوقال كۆزۈمدىن!» زاكىر يېنىغا قاراپ تۈكۈردى. ھە، شۇنداق قىلىپ قەمەر بىلەن زاكىرنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى

چاك بارغانسېرى چوڭىيىدى. ھاراق، ئەقتىساد، ئەخلاق، ئادەمگەرچىلىك، ئىنسانى
مۇناسىۋەت قاتارلىقلاردا ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك جېدەللىشىدىغان بولدى. قەمەر ئاجرىشىمەن
دەپ نەچچە قېتىم يامانلىدى، كىشىلەر نەسىھەت قىلىپ ياراشتۇردى. ئۇلار سوقۇشتى، ئاجراشتى.
يىراق قەمەر سالاغا بوش ئىدى. زاكىر كېچىلىرى بېرىپ ياتىقىغا ياستۇرۇپ كىرىۋېلىپ ئال-
داپ، يىغلاپ يۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئەپلىشىۋالدى. بۇنداق ئاجرىشىش - يارىشىش بىر نەچچە
قېتىم تەكرارلاندى. يۇرت ئارىسىدا سۆز - چۆچەكمۇ چىقتى. قەمەر بۇنىڭغىمۇ چىداشنى داۋام-
لاشتۇرارمىدىكى، ئۇنىڭدىن بەزگەكتىن بىزار بولغاندەك بەزگەن چاغلاردا بىر پالاكەت يۈز بېرىپ
، ھەممە ئىشنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋەتتى: ياز كېچىسى ئىدى. زاكىر خۇددى بۈگۈنكىدەك تەك-
شىلىپ كوچىدا بىر ياققا قىيشىيىپ دەلدەڭشىپ كېلىۋاتاتتى. تونۇش بىر ئىدارە قورۇسىنىڭ
ئالدىغا كەلگەندە ھاجەتخانىغا كىرمەك بولدى. بۇ ئىدارە قورۇسىدىكى شەھەرنىڭ ئەڭ كونا
ھاجەتخانىلىرىدىن بولۇپ ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئازراقمۇ يېڭىلانمىغانىدى. تۆشۈكلەردىكى
تاختايلار چىرىگەن، سېسىق بۇس چىقىپ تۇرىدىغان ئازگال بولسا چوڭقۇر ئىدى. بەزى كاتەك-
چىلەردىكى تاختايلار پورلاشقان ۋە ياكى بۇزۇۋېتىلگەن، يوقالغانىدى. زاكىر ئالىچاڭلاپ ماڭ-
غىنىچە چىراغسىز گۆردەك قاراڭغۇ ھاجەتخانىغا كىردى. تېمىسقىلاپ يۈرۈپ بىر كاتەكنىڭ تام
تاختىيىنى سىلاپ كۆردى - دە، ئىككىلەنمەيلا ئىچىگە كىردى. بۇ تېگىدە تاختىيى قالمىغان
كاتەكچە ئىدى. زاكىر بايقىماي تاختاينى دەسسىدىم دەپ بەخىرامان ھاۋانى دەسسىدى. دەسسى-
گەندىمۇ ئالدىراپ! كۈچىنىپ ۋە تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ دەسسىدى. ئۇ شۇ چاغدا گەۋدىسىنىڭ
قاتتىق چايقالغىنىنى، بېشىنىڭ قانداقتۇر بىر پارچە تاختاي گىرۋىكىگە ئۇرۇلۇپ، تىلىنى چىش-
لىۋالغىنىنى، ئاندىن ئۆزىنىڭ بوشلۇقتا پەسكە قاراپ ئۈگزىدىن غۇلىغان بىر تاغار گۆشتەك
ئۇچۇپ چۈشكەنلىكىنى ھېلىمۇ ئەسلىيەلەيدۇ. ئۇچۇش دەسلەپتە يامان ئەمەس تۇيغۇ پەيدا
قىلغاندەك قىلىۋېدى، كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا دەھشەتلىك ئاقىۋەت بىلەن ئا-
خىرلاشتى. ئويلىسا ھېلىمۇ تېنى شۈركىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەر ئادەم چىدىغۇسىز سېسىقچى-
لىق، كۆڭۈلنىڭ ئاينىشىدىن ئىچ - بېغىرىنىڭ سىرتقا ئېتىلىپ چىقماق بولۇپ گېلىغا قاپلىشىپ
قېلىشى، خىرقىراش، تىپىرلاش، جان ئاچچىقىدا ۋارقىراش، سۇ ئۈزۈۋاتقاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلىش،
ساراڭلارچە پەرياد كۆتۈرۈپ ياردەم چاقىرىش... ھەر ھالدا رىسقى تۈگىمىگەنىكەن، قورۇدا
ئولتۇرۇشلۇق بىر - ئىككى ئىشچى يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئارغامچا ۋە تۆمۈر ئىلمەكلەرنى ئىشلىتىپ
يۈرۈپ ئاخىرى ئۇنى تارتىپ چىقىرىپ قويدى. ئۇستىبېشىنىڭ پاكىز يېرى قالمىغاچقا دۈمبىسى-
گە، قولتۇقىغا كارتون قەغەز چاپلاپ، قولتۇقلاپ، ھاپاشلاپ دېگەندەك ئېلىپ مېڭىشتى. ئۆيىگە
ئەكىرىشكەندە ئۇنىڭ سازلىقتىكى قارا پاتقاقتىن سۇغۇرۇپ چىقىلغان پاخپاق يۇڭلۇق ئېيىق-
نىڭكىدەك بەد بەشىرىسىنى كۆرۈپ قەمەر ئايلىنىپ كەتكىلى تاس قالدى. قەمەر يىغلاپ تۇرۇپ
ئۇنى سۇغا پىچتى. كىيىم - كېچەكلىرىنى، ئۆي ئىچىنى ئىككى كۈن يۇيۇپ تازىلىدى. ئاندىن
ئۆزى ئۈچ كۈن ئاغرىپ ياتتى. سەسكىنىپ كەتكەنمىش. زاكىرنىڭ كارى بولمىدى. قەمەر
ساقىيا - ساقايمايلا ئاتا - ئانىسى تۇرۇشلۇق يىراقتىكى شەھەرگە قېچىپ كەتتى، شۇ پېتى
زاكىرنىڭ ئۇۋىسىدىن مەڭگۈلۈك ئۇچۇپ كەتتى! ھەتتا، خىزمەت رەسمىيىتىنىمۇ ئاكىسى كېلىپ
يۆتكەپ كەتتى. قەمەر بۇ شەھەرگىمۇ، زاكىرغىمۇ ئالدىنى قىلماسلىق توغرىسىدا قەسەم قىلغان-
مىشكەنغۇ، بۈگۈن يەنە قانداقسىگە كېلىپ قالدىكىنە؟ زاكىر كېتىۋاتقان جايىدا توختاپ ھېلىقى
تۈۋرۈك تۈۋىگە يەنە سىنچىلاپ قارىدى، قەمەر جايىدا قىمىر قىلماي تۇراتتى! يىراق كۆلگەندەك

ئەمەس، ئۇ كۈلمەيۋاتىدۇ، يىغلاۋاتامدۇ - نېمە؟ ئۇنى بەزلەش، دەرھال كۆڭلىنى ياساش كېرەك. زاكىر قەمەرگە قاراپ قولىنى سوزغىنىچە يۈگۈردى، بىراق پۇتلىرى تاش ئېسىۋالغاندەك ئېغىر بولۇپ ئەقلىگە بويسۇنمىدى. زاكىر سېھرىي يولغا دۇم چۈشتى. بىر ھازا قىمىر قىلالماي ياتتى. قاتتىق ئاغرىق قايتا - قايتا ئېسىگە كەلتۈردى. بۇرنىنىڭ ئۇچى ئېچىشقاندەك قىلىۋېدى، سىلاپ كۆرۈپ تېرىسىنىڭ شىلىنغانلىقىنى بايقىدى. شىلىنغان جايىنى بارمىقىدا بېرىدەم بېسىپ ياتتى. ئاندىن جەڭ مەيدانىدىكى ئەسكەرلەردەك يېنىچە ئۆمىلىدى، دوڭغاقلاپ ئورنىدىن تۇردى، چاتىرىقىنى كېرىپ يەرگە مەھكەم دەسسەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن قەمەرنى ئەسلىدى. كۆكرىكىگە ساڭگىلاقلىق بېشىنى قايتا كۆتۈرۈپ ھېلىقى تۈۋرۈك تەرەپكە قارىدى، بۇ قېتىم تۈۋرۈك ئاستى بوش، قەمەر يوق ئىدى، ئەزەلدىنلا ئۇ يەردە بولۇپ باقمىغاندەكلا يوق ئىدى. زاكىرنىڭ يۈرىكى بىر قەۋەت پەردىسىنى شىلىۋالغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. سول چاڭگىلىدا مەيدىسىنى قاتتىق مۇجۇدى. ئوڭ قولىنىڭ مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ كىمگىدۇر دوق قىلغاندەك پۇلاڭلاتتى. ئاندىن مېڭىسى قوچۇلۇپ قالغان ئادەمدەك سۆزلەپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقماي ئالدىغا ماڭدى. بىر ئازدىن كېيىن كاللىسى سەل سەگەكلەشكەندەك، ئەقلىدىكى تۇمان تارقىلىۋاتقاندەك بولدى. ھىم، ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمى بىر يېڭىلىق مەنزىرىسى ئاچىدۇ. مانا ئەمدى ئىككىنچى ئايالى ئېسىگە كەلدى.

بۇ ئايال بەكمۇ ئېگىز بويلۇق، داق سۆڭەك شىمىداق ئايال ئىدى. يېقىن تۇرۇشقاندا زاكىر ئۇنىڭغا پەستىن يۇقىرىغا قاراپ سۆز قىلاتتى. بەدىنى تاختايغا تىلىپ رەندىلىمەيلا قوراشتۇرۇپ قويغاندەك بولغاچقا قىزلىق قامىتى، ئەۋرىشىملىكى ھەققىدە سۆز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇرۇشۇپ قالغاندا زاكىر ئۇنى دائىم «تاختا مەيدە شەقشەق» دەپ تىللايتتى. كۆرۈمسىز بولغىنىغا قارىماي زاكىر بىلەن ئائىلە باشلىقلىق ھوقۇقىنى تالىشاتتى. يېقىن ئۆيچۆرىدە پاختەك گۇگۇلاپ قالسىلا گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى. زاكىر ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالماي يالغان سۆزلەش ھۈنىرىنى كۆپىرەك ئىشقا سالدى. لېكىن بۇ ھۈنەر بىرمۇنچە پالاكەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. چوڭراق بىر نەچچە ئىشتا ئالدانغانلىقىنى سەزگەن بۇ خوتۇن «ئاللاتوۋا» كۆتۈرۈپ كۆپ قېتىم زاكىر ئىشلەيدىغان ئۆمەككە باردى، باشلىقلارغا ئەرز-ھال ئېيتتى، چاقتى. خىزمەتداشلىرى ئالدىدا ۋارقىراپ، ئاغزىنى بۇزۇپ، چاچلىرىنى چۇۋۇپ يىغلاپ ئۆزىنى يەرگە ئاتتى، تېپچەكلەپ ھازازۇللۇق قىلدى. بەزى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، زاكىرنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ، يۈز - كۆزىنى مورلاپ شەرمەندە-شەرمىسار قىلدى. زاكىر ئامالسىز «خوتۇنۇمنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى بار»، «مېڭىسىدە زەخمىسى بار»، «كىچىكلىكىدە بېشىنى قاغا چوقۇلىۋالغانمىش» دەپ قۇتۇلدى. كىشىنىڭ قىساسى كىشىدە قالمايدىكەن. زاكىر 50- يىللارنىڭ ئاخىرى، 60- يىللارنىڭ باشلىرىدىكى سولچىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ شەپقەتسىز قارا قۇيۇنلىرىدا پۈرسەتپەرەسلىك ھەم ھاماقەتلىك قىلىپ، ساختا ماتېرىياللارنى يازغان، پاكىت ئويدۇرۇپ پاش قىلىش ئاكتىپى بولغان، ئۇتقۇيرۇقلۇق قىلىپ يۇقىرى - تۆۋەن قاتىرىغان، تالاي ياخشى خىزمەتداشلىرىغا زىيانكەشلىك قىلغان، تۇخۇمىدىن تۈك ئۈندۈرگەن، بۆھتان چاپلاپ باشلىرىغا ھەر سەۋدالارنى سالغان. بىراق شۇ ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى دېگۈدەك تارتىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ زاكىرغا يۈز-خاتىرە قىلمىدى. ھەممىسى بىرلىشىۋالغاندەكلا بىر نەرسىلەرنى پاش قىلىپ زاكىرنىمۇ تارتىپ چىقاردى. كۈرەش قىلىپ ئانىسىدىن ئەمگەن سۈتىنى بۇرنىدىن بۇلاق قىلدى. زاكىرمۇ ئەمدى سىياسىي ھەرىكەت بولسا ئىككىنچى پاش قىلىش ئاكتىپى

بولماسلىق ھەققىدە پەندىيات قىلغان، «سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ» دېگەن ماقالىنىڭ ھەقىقەتلىكىگە قول قويغانىدى. ئەپسۇسكى ئادەم دېگەن ئاچچىقنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىۋېدى، زاكىر يەنە مەيدانغا سەكرەپ چۈشتى. بىر مەھەل باشقىلارنى «توپقا تۇتۇپ» ئالدىكىم بولۇپ چۇقان كۆتۈرۈپ دەۋر سۈردى. ئىككى سەر قېقىۋېلىپ تۆت سەر مەس بولۇپ شەھەر ئالغان باتۇردەك ئېغىناقلاپ يۈردى. ئۇزاققا بارمايلا «قارا گېزەندە»، «سىياسىي يانچۇقچى»، «كۆمران بولغان ئەۋلاد» دەپ تارتىلىپ چىقىپ ئىتتەك سۆرەپ يۈرۈلدى. ھېلىقى كاساپەت شىيداق دەججالىنىڭ شۇ چاغلاردا كۆرسەتكەن ئويۇنلىرىنى بىر دەمدىغان. ئۇ قۇرۇپ كەتكۈر «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك ئىش قىلدى. قوشۇن تازىلاش راسا جىددىي كېتىۋاتقان چاغلاردا بۇ خوتۇن ئۆمەككە ئىككى كۈندە تۆت قېتىم يور-غىلاپ كېلىپ تايغاندەك ھاۋشىدى. زاكىرنى ئۆيدە ئۇنداق دېدى، بۇنداق دېدى، ئۇنى بۇزدى، بۇنى يىرتتى دەپ تاغاردا بىر پىتنە - پاساتنى توقۇپ رەھبەرلىككە چاقتى. ماتېرىيال يېزىپ بەردى. زاكىرنىڭ بېشىغا «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن قالپاق كىيىلمىگۈچە توختىمىدى. خۇداغا مىڭ قەتلىك شۈكرى، بۇ قالپاق كىيىلىپ قالغان بولسا زاكىرنىڭ بەدىنىنى ئاللىقاچان يەر ئاستىدا قۇرتلار غاجاپ تۈگەتكەن بولار ئىدى. تازا كىيىلمىدىغان چاغدا ئۇ جادۇ خوتۇن زاكىرغا يەنە چىدىمىدى. باشلىقلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ «ئۇنى بىر قورقىتىپ قوياي دەپ يالغان-ياۋىداقلارنى توقۇۋېدىم، كەچۈرۈڭلار» دەپ گۈشىيىپ تۇردى. توۋا، جاھاندا قىزىق ئادەملەر بولىدۇ. بۇ شىيداقنىڭغۇ ئەسلىگۈچىلىكىمۇ يوق، زاكىر ئۇنىڭدىن مىڭ تەستە ئاجراپ قۇتۇلغا-نىدى. ئۈچىنچى ئايالى ئۇنىڭدىن ياخشىراقمىدى - قانداق؟ مىجەزى يۇمشاق، چىرايى چاغلىق ئىدى. زاكىر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ باقسىمۇ بۇ خوتۇننىڭ چىرايى كۆزىگە كۆرۈنمىدى، ئەسلىدىغۇ كۆزگە كۆرۈنگۈچىلىكىمۇ يوق بىر تول خوتۇن ئىدى. زاكىر خەقنىڭ سالاسىغا كېتىپ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتى. ئۈچ ئادەمنى چاقىرىپ «بىر قوشۇق سۇ بىلەن» نىكاھ قىلغۇزۇپلا، ئۇنىڭ ياتىقىنى ئۆي قىلىپ كىرىۋالدى. بۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ بىر نەچچە ئاي ئۆتكەن چاغ ئىدى. بىرەر ئاي ئۆي تۇتا - تۇتمايلا بۇ خوتۇن داد - پەرياد كۆتۈرۈپ زاكىرنى قوغلاپ چىقار-دى. ئۇ زاكىرنىڭ مەس بولۇپ بىر بۇزۇق خوتۇننىڭ ئۆيىگە كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالغانىدى. ئەسلىدىغۇ چوڭراق ئىش ئۆتتۇلمىگەن، بىراق ئايال بەغەرەزلىك قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاپارمىغان پەيچۇسو، سوت قورۇسى قالمىدى. يەنە قانداقتۇر بۇرۇنقى ئېرىدىن قالغان بىر ئۈزۈكنى يوقاتقانلىقىنى داۋراڭ قىلدى. ئىشقىلىپ ئاخىرى ئاجرىشىپ كەتتى. زاكىر «كۆكەمە خوتۇندىن قۇتۇلدۇم» دېدى. ئۇ خوتۇن «كۆيدۈرگە بۇزۇق ھاراقكەشتىن قۇتۇلدۇم» دېدى. ھەر ئىككىلىسى ئۆز يوللىرىغا كېتىشتى. دەرھەقىقەت، ئۇ ياۋاش قىياپەتلىك بىشەم جادۇگەر ئىكەن. ھاراقكەشلىكىمۇ شۇنچە گۇناھمۇ، ھاراق سۈمۈرگەنگىمۇ شۇنچە قىلغان بارمۇ؟ خوتۇن كىشىنىڭ ئەقلى نېمىگە يېتەتتى. بىر قوشاق بار ئىدىغۇ، قانداقتى، ھە، مانا، مانا مۇنداق: «ئون خو-تۇننىڭ بىر توخۇچە ئەقلى يوق، ئەقلى بولسا ئاشۇ توخۇيەمدۇ يوق...» تۇف، زاكىر ھەممىگە تۈكۈر-دى، شۆھرەتكىمۇ، خوتۇنغىمۇ، تۇغقانغىمۇ، دوست - بۇرادەرگىمۇ - بەرىگە تۈكۈردى. ھەممىسى بىر تىيىن. نوچىسى ھاراق. ھاراقلا بولسا، بولغاندىمۇ شىشىدە ئويناپ تۇرىدىغان زەمزەمدەك سۈزۈ-كىدىن بولسا، يەرگە نەچچە ئون يىللاپ كۆمۈلگەنلىرىدىن بولسا.... ئامېرىكىنىڭ بىر باشلىقى تۇ-غۇلغان كۈنىنى خاتىرىلىگەندە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىر باشلىقى ئۇنىڭغا يەرگە كۆمۈلگەن يىلى ئۇنىڭ يېشى بىلەن تەڭ بولغان ھاراقنى تەقدىم قىلىۋېدىغۇ. زاكىر بۇنى گېزىتتىن كۆرگەن.

www.uyghurkitap.com

هاراققا ئائىت خەۋەرلەرنى ئۇ ئەزەلدىن نەزەردىن قاچۇرغىنى يوق. بۇ باشلىقلارنىڭ ئىسمى نېمىدىكى؟ ئىسىملار مۇھىم ئەمەس، بولدى، پاكىتىنىڭ ئۆزى يېتەرلىك. تەقدىر زاكىرغا شاھ بولۇش پۇرسىتى بېرىپ قالسىدى، ئۇ باشلىقلارغا يېتىشى بىلەن تەڭ يىل كۆمۈلگەن هاراق بېرىپ يۈرمەي، ئۆزىلا ئىچكەن بولاتتى. هېچ ئىش قىلماي، يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق كۆمۈلگىنىدىن تاپقۇزۇپ ئىچىپ ئالتۇن تەختتە سوزۇلۇپ ياتقان بولاتتى. هاراق دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ لەززىتى. دۇنيادا ئەخمەقلەر كۆپتۇ، لېكىن مۇشۇ هاراق ياساپ ساتقۇچىلارچىلىك ئەخمەقلىرى يوقتۇ؟! ئۇلار شۇنچىۋالا ئەخمەق، دەلدۈش بولمىسا ياسىغان هاراقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرى ئىچىپ ياتماي خەققە ساتارمىدى؟ ساتقان شۇ پۇللىرىغا هاراقتىنمۇ ئېسىل نېمە ئالىدىغاندۇ، توۋا بۇ ساراڭلارنى...! مانا زاكىر ھەتتا ئۆزىنىڭ هاراقسىز ئۆتكەن باللىق دەۋرىگىمۇ ئېچىنىدۇ، ھەي ئىسىت. هاراقنى دەسلەپتە ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغان تۇرۇقلۇق زاكىردەك ئۇيغۇر ئەۋلادلىرى ئەقىل يېشىدىن باشلاپلا ئىچمىسە بولامدۇ؟! لاپ ئەمەس، هاراق تارىخى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى زاكىر مىڭگىسى ئېلىشىپ قالغاندىمۇ، كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپلا يادلاپ بېرەلەيدۇ. زاكىر يېقىندا كۆرگەن بىر ماتېرىيالدا ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇرلار مىلادىيەدىن خېلى ئىلگىرىلا مېۋىلەرنى ئېچىتىپ ئىسپىرتلىق ئىچىملىك ياسىغان. كېيىنرەك 2- باسقۇچتا سۈنئىي ئېچىتقۇ قوشۇپ مېۋە، ئاشلىقلارنى ئېچىتىپ ئىسپىرتلىق ئىچىملىك ياسىغان. ئۈچىنچى باسقۇچتا ئەرقى ئۇسۇل (دېستىللەش ئۇسۇلى)نى ئىجاد قىلىپ ھەقىقىي هاراق ياسىغان. بۇ ئۇسۇل ئىچكى ئۆلكىلەرگە 12- ئەسىردە، ياۋروپاغا 15- ئەسىردە مەلۇم بولغان. ئۇيغۇرلاردا ئۇ 4 — 5 - ئەسىرلەردىلا ئومۇملاشقان. 4 - ئەسىردە ياشىغان جاڭخۇا «مۇزىي خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىدا «غەربىي ياردا ئۈزۈم هارىقى بار ئىدى.... ئىچكەندە كۈنلەپ مەستلىك يېشىلمەيتتى» دېگەن. لى ياڭ نۆت بەگ خاتىرىسى» دە مىلادى 540- يىللاردا «ئىدىقۇت دۆلىتى سوۋغاتلىرىدا ... مۇزلىغان هاراق ... بار ئىدى»، لى شىجېن «دورىلار قامۇسى»دا «ئېچىتىلغان ئۈزۈم مۇسەللەسنى ئاچىمىز ئوتتا قىزدۇرۇپ، پارلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ھورىنى باشقا ئىدىشقا سۈزۈۋالىدۇ... بۇ ئۇسۇلنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئىدىقۇتتىن ئۆگەنگەن» دېگەن. مانا بۇ دېستىللەش تېخنىكىسىنىڭ ئۇيغۇرلاردىن تارقالغانلىقىنىڭ پاكىتى. بۇ ئۇسۇلدىچۇ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە دورا ياسىلىدۇ. ئەرقى ئۇسۇلىنىڭ نېفىت ئايرىش، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ياساش قاتارلىق ھازىرقى زامان يېڭى تېخنىكىسىدا، سانائەت، ئۆتكۈر پەنلەردە تۇتقان ئورنى مۇھىم. قىسقىسىچۇ، هاراق بولمىسا «ئەرقى ئۇسۇل»مۇ بولمىغان بولاتتى. هاراقنىڭ تۆھپىسى بار. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «ئۈچ قەدەھ ئىچىپ سەكرەيدۇ» دېگەن مىسرالارمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ هاراقنى سۈيدەك ئىچىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى. ھەممە نېمىنىڭ ۋارىسى بولىدۇ - دە. زاكىر باغرى چىلاشقۇدەك ئىچسە نېمە بوپتۇ. قايسى قانۇندا هاراق چەكلىنىپتۇ؟ قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇرلاردا پىيەنچۇك بار بولغىيمىدى. پىيەنچۇكلۇك ئادەتكە ئايلانغان بولغىيمىدى؟ ھازىرغۇ پىيەنچۇكلۇك قىلىپ ئىچ- باغرى كۆيۈپ ئۆلىدىغانلارمۇ بار. ئەمىسە ئۇلار بۇ ئادەتنى نەدىن يۇقتۇردى، بۇ مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسىمۇ ياكى قالاقلىقنىڭمۇ؟ دۇنيانىڭ كەلگۈسىدە هاراقنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟ هاراقكەشلەرنىڭچۇ؟ هاراقكەشلىك، پىيەنچۇكلۇك يوقىلىپ كېتەرمۇ؟ ئىنسانلار تۇرمۇشىدىن قايغۇ، خۇشاللىق، ئايرىلىش، تېپىشىشلار يوقالمىسا هاراق قانداق يوقىلار؟ زاكىر قانچە ئويلاپمۇ بۇ سوئاللارنىڭ تەكتىگە يېتەلمىدى. بىراق شۇ هاراقكەشلىكىنىڭ كاساپىتىدىن ئۇنى ئۆتكەنچى خوتۇنىمۇ تېخى يېقىندا تاشلاپ كەتتى. بۇ ئايالنىڭ ئىسمى نۇرنىسا. يېشى كىچىك بولمىغان بىلەن ئۆزىنى كۈتۈشنى بىلگەچكە چىرايىدىن ئانچە كەتمىگەنىدى. ھە، ئۇنىڭ ئۆيىمۇ شۇ تەرەپكىرەك توغرا كېلەتتىغۇ، بەك يىراقتا ئەمەستەك ئىدى... زاكىر ساغرىسىغا ئېغىر بىر نەرسىنىڭ

تېگىپ تۇرغانلىقىنى سەزدى. قولىنى سوزۇۋېدى، شىمىنىڭ سول يانچۇقىدىكى قاتتىق بىر نەرسى-
گە ئۇرۇلدى، سۇغۇرۇپ ئېلىۋېدى، بوتۇلكا بولۇپ چىقتى. ئۇ يولنىڭ چېتىگەرەك ماڭدى. بو-
تۇلكىنى چىراغنىڭ يورۇقىغا تۇتۇپ يېرىمىغىچە هاراق بارلىقىنى كۆردى. بۇ «ئىلى ئاق ئې-
چىتمىسى» ئىدى. تەمى ئاچچىقراق بولغىنى بىلەن گرادۇسى يېتەرلىك. ياخشى ئىش بولدى.
پەقەت شۇ هاراقلا ئۇنى تۈن ئوغرىسىنىڭكىدەك يالغۇزلۇق، غېرىبلىقتىن قۇتۇلدۇرالايتتى. ئۇ
ھەجايىدى. بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ هاراقنى بىر - بىر ئوتلاپ ئىچتى. بۇنداقتا تەمىنى ئۇززۇنغىچە
تېتىغىلى، لەززىتىنى ئۇززۇنغىچە سۈرگىلى بولىدۇ. يېنىدا نە رومكا - نە زاكوسكا يوق ئىدى. ئۇ
ئەزەلدىن ئۇنداق نەرسىلەرنى بەك كېرەك قىلىپ كەتمەيدۇ. هاراق بولسىلا بولغىنى. ئۇ سۈمۈر-
دى، هاراقنىڭ ئاچچىقىدىن چىرايى پۈرۈشۈپ، بەدىنى سىلكىنگەندەك بولدى. يەنە سۈمۈردى.
بوتۇلكا قۇرۇقدالغاندىن كېيىن ئۇنى سېمونت يولغا كۆچەپ ئۇردى. بوتۇلكا بومبىدەك ئاۋاز
چىقىرىپ سۇنۇپ چېۋۇل - چۇل بولۇپ ئەتراپقا تېرىلىپ كەتتى. بۇ ئاۋاز ئۈچ ۋىلايەت ئەسكەر-
لىرىنىڭ قول بومبىلىرىنىڭكىدەك ۋە ياكى ستالىنگرادنى قوغداشقا قاتنىشىپ باتۇرلارچە قۇربان
بولغان 26 نەپەر ئۇيغۇر قەھرىمانلىرى ئاتقان تانكىغا قارشى قول بومبىلىرىنىڭ ئاۋازىغا ئوخ-
شىغاندەك تۇيۇلدى. بۇنىڭ ئۆزى چوڭ بىر هوزۇرغۇ. مانا زاكىرغىمۇ قىسمەت شۇنداق جەڭلەرگە قات-
نىشىشقا نېسىپ قىلسا ئۇمۇ قول بومبىلىرىدىن شۇنداق ئاۋازلار چىقارغان بولاتتى. ئەتتەڭ، ئۇ-
نىڭ ئاغزى ئاچچىق بولغاندەك قىلغان بىلەن كۆڭلى يورۇپ كەتكەندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئىسسىق
بىر لەززەت تارقالغاندەك بولدى. ئالدىغا چامدىدى، يەنە چامدىدى. بىر نەچچە ماڭدام ماڭغان-
دىن كېيىن پۇتلىرى ئېغىرلىشىپ بەدىنى يەڭگىللىشىشكە باشلىدى. ئىمارەتلەر كوچا بىلەنلا
بىللە قوشۇلۇپ بىر قىڭغىيىپ بىر رۇسلىناتتى. بېشىنى كۆتۈرۈشكە خوشياقماي كۆكسىگە ساڭ-
گىلىتىپ ماڭدى. گەپ قىلماق بولۇۋېدى، تىلى كالۋالاشتى. ئۇ چىداپ، مېڭىشىنى داۋاملاشتۇردى.
بىراق يەنە بىر ئازدىن كېيىنلا يەر ئۆرگىلىپ، ئاسمان چۆرگىلەشكە، ھەممە نەرسە چاقپىلەكتەك
پىرقىراشقا باشلىدى. زاكىر يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا زوكزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بېشىنى چىڭ
چاڭگاللىۋالدى. شۇنداق بىر هازا ئولتۇرغاندىن كېيىن پىكىرلىرى يەنە روشەنلەشتى. هېچگەپ
يوق. تۈن كېچىدە يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەم ئارام ئالسا بولىدۇ. ئەركىنلىك دېگەن شۇن-
داق ياخشى نەرسە. كۈندۈزى بولسا ساقچىلار پىيادىلەرنى ئولتۇرماق تۇگۇل، بۇنداق جايلاردا
ئىختىيارىي ماڭغىلىمۇ قويمايدۇ. ۋاي رامكىچىلارەي. ياشىسۇن ئەركىنلىك! مانا ئۇ هازىر تۈن
ئوغرىسىدەك ھەممىگە هۆكۈمران. هۆكۈمران هاراقسىز تۇرالامتى. هاراقنى بولسا ئادەملەر نېمان-
چە يامان كۆرىدىغاندۇ؟ بۇ زاكىر ئۈچۈن تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىردەك، تاپقىلى بول-
مايدىغان تېپىشماقتەك تۇيۇلۇپ كېلىۋاتقان كونا مەسىلە. مانا زاكىر ئەمدى هاراقنىڭ يەنە بىر
ئارتۇقچىلىقىنى بايقاپ قالدى؛ ئالىملار يەر شارى توختىماي پىرقىرايدۇ دەپ سۆزلىگىلى قانچە
زامانلار بولۇپ كەتتى. هازىر بۇ ئاددىي ساۋات هېسابلىنىدۇ. بۇ ساۋاتنى باشلانغۇچ مەكتەپتە
بالىلار «ئىككى كەرە ئىككى تۆت» دېگەن قائىدە بىلەن بىرگە قوشۇپ ئۆگىنىدىغان بولۇپ كەت-
تى. يەر شارى ئۆز ئوقى ئەتراپىدىمۇ، قۇياش ئەتراپىدىمۇ ئايلىنىدۇ. لېكىن يەر شارىنىڭ
ئايلىنىۋاتقانلىقىنى تۇيۇش ئىنتايىن تەس. قېنى، هازىرغىچە كىم ئۇنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى
بىۋاسىتە كۆرۈپتۇ، ياكى سېزىپتۇ؟ ئالىملار ئۇنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى مۇرەككەپ نەزەرىيىلەردە
چۈشەندۈرىدۇ، نەتىجىدە ئاددىيتىنكى كىشىلەر ئۇنى بىۋاسىتە سىناپ كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا يەر شارى-
دا بۇ هۆكۈمگە ئىشەنمەيدىغان ئادەملەر هازىرمۇ نۇرغۇن. دۇنيادا ئەمەس مۇشۇ ئەتراپىتىنلا
ئۇنداقلاردىن تالاي - تالاي تېپىلىدۇ. ئۇلار يەر شارى ئايلىنىۋاتقانلىقىنى بىزنىڭ كۆزىمىز
نېمىشقا كۆرمەيدۇ، كۆرمىگەن نەرسىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، «يۈز ئاڭلاشتىن بىر كۆرۈش ئەلا»

دەپ جاھاللىق قىلىشىدۇ. لېكىن زاكىر مانا ئالىملارنىڭمۇ، رەھبەرلەرنىڭمۇ ئەقلى كەمتۈكلۈك
قىلغان نەرسىنى بايقىدى. بۇ خاسىيەت ھاراقتا ئىكەن، ئۇلار ئادەملەرگە ھاراق ئىچىپ كۆرۈ-
شنى بۇيرۇسا ئادەملەر يەر شارىنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنمۇ، سەزگەنمۇ بولاتتى.
ئەسىرلەر بويى ھەل بولماي كېلىۋاتقان بۇ مەسىلە ئاسانلا ھەل بولاتتى. مانا زاكىر ھەر
قېتىم مەس بولغاندا يەر شارىنىڭ قانداق ئايلىنىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلى-
ۋاتىدىغۇ. ھاراق، پەقەت ھاراقلا ئادەملەرگە يەر شارىنىڭ ئايلىنىشىنى، ھەتتا شەھەرنىڭ،ئۆي،
باغنىڭمۇ ئايلىنىشىنى كۆرسىتەلەيدۇ، ئايلىنىش ئەھۋالىنىمۇ تەپسىلىي ئايان قىلالايدۇ. خۇددى
مىكروسكوپ باكتېرىيەلەر ھەرىكىتىنى كۆرسەتكەندەك ئىنچىكىلەپ كۆرسىتەلەيدۇ. ھاراقنىڭ يەنە
ئەپسانىلەردىكى جاھاننەمالىق رولىمۇ بار. بۇ جەھەتتە دۇربۇن، تېلېسكوپ دېگەن زامانىۋى
ئۈسكۈنىلەرمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدۇ. ئۇلار ئالدىنى توسالغۇ توسۇۋالمىغان شارائىتتىلا يىراقتى-
كىنى يېقىن قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. ھالبۇكى ھاراق شۇنداق جاھاننەماكى ئۇنىڭ قۇدرىتىنى قاتى-
مۇ-قات تاغ - دەريالارمۇ توسۇۋالالمايدۇ. ئۆزىمىغۇ ھېكمەتلىك جاھاننەما ئەينىكىدەكسۈزۈك
نەرسە كاساپەت. ھەر قانداق مۇساپىر ئۇنى ئىچىپ مەس بولسىلا سېغىنغان يۇرتىنى ھەر قانچە
يىراقتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كۆز ئالدىدىكىدەكلا ئېنىق كۆرەلەيدۇ. قىماركار ئىچسە رەقىبى
كۆزىگە كۆرۈنىدۇ. ئاشىق ئىچسە مەشۇقىنى كۆرىدۇ. يېتىم ئىچسە يىراقتىكى ئاتا - ئانىسىنى
كۆرەلەيدۇ، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشالايدۇ. سېغىنىش پىراقلىرىنى، سۆيگۈ - نەپرەتلىرىنى، خۇشال-
لىق - قايغۇلىرىنى، ئازاب - ئارزۇلىرىنى تەڭ ئورتاقلىشالايدۇ. ھاراقنىڭ خاسىيىتى راستىنلا
تەساۋۇر قىلغۇسىز كاتتىمۇ نېمە؟ زاكىر ئويلىغانسېرى بۈگۈن ھاراقنىڭ يېڭى - يېڭى ئارتۇق-
چىلىقلىرىنى تاپقىلى تۇردىغۇ، بايقاش كەشىپ قىلماقتىلىقتۇر. زاكىر شۇنداق كەشپىياتچى،
ئۆتكۈر تەپەككۇرى بىلەن كائىنات سىرلىرىنى ئاچىدۇ. دەررۇ بىرەرسىگە ئۆزىنىڭ ھاراق ھەق-
قىدىكى كەشپىياتىنى سۆزلەپ بېرىشى كېرەكتى، بولمىسا خۇشاللىقىدىن يۈرىكى يېرىلىپ كېتەر-
مىكىن. كونا خوتۇنلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە بارسۇنمىكى. ياق، ياخشىسى بىرەر ماقالىسىنى
ئۆزى يېزىپ بېرىپ بولسىمۇ، بىرەر نوپۇزلۇق، نوپۇزسىز ياكى ئىچكى كىچىك گېزىت - ژۇرنال-
دا بولسىمۇ ئۆزىنى بىر ماختىتىش كېرەكتى. ھە، ياخشىلاپ بىر مۇھاكىمە ماقالىسى. ... ئەت-
تەڭ، زاكىر ناخشا تېكىستى، قوشاق دېگەنلەرنى قاتۇرۇپ پوملىيالىغىنى بىلەن شۇ ماقالە دېگەن
قۇرۇق گەپ دۆۋىسىنى دۆۋىلىيەلمەيدۇ. قوشاق بولسىمۇ يازسۇنمىكى يا. بىراق، بۇ پىكىر ئۆزى-
نىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى، چوڭلۇقى بىلەن ناخشا تېكىستىگىمۇ، قوشاقىمۇ ھەرگىز سىغ-
مايدۇ. «سۇبھاناللا، ئەقلىمدىن ئايرىمايدىغان ئاللاھ ئۆزۈڭگە مەدھىيە ئوقۇيمەن. بىر قىزىل
كۆز مۇخلىس، داپ يۈز ئېتىقادچىم بارتىغۇ، ئىسمى نېمەتتى ئۇ شەرمەندە كاززاپنىڭ، ھېلىقى!
ھېلىقى كۆزى غەلىتە پارقىرايدىغان تەلۋە داپچىچۇ، سورۇنلاردا خىزمەت دېپى، باشلىقلارغا
خۇشامەت دېپى چالىدۇ، بېيىتمۇ توقۇپ قويىدۇ، ئۇ تېخى بېيىتچى ...» دەپ زاكىر ئۆزى ئاران
ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا غۇدۇڭشىدى. ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇ داپچى مۇخلىسىنىڭ ئىسمىنى يادىغا
ئالالمىدى. بەزىدە ئۇنىڭ «بۈيۈك زاكىركامدەك بىر مېڭىۋالايچۇ» دەپ قول سېلىپ ئېغىناپ،
بوينىنى كۈچەپ سوزۇپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ كېتىشلىرىچۇ تېخى. زاكىرنىڭ ئىلتىپاتىنى
ئۇ ئۆزىگە بېرىلگەن يۈكسەك مەرتىۋە دەپ بىلەتتى. ئۇنداق چاغلاردا زاكىرمۇ دانلاپ
تويغان خورازدەك سۆلەت بىلەن تۇرۇشنى بىلىدۇ. ئۇ بىر نېمىغۇ بېيىتلارنى ئېتىقسىز يازىدىغان
تۇرۇقلۇق «ياخشى يازدىم» دەپ داۋا قىلىپ ساراڭلىق قىلىدۇ. بىر چاغلاردا ئۇ ئۆز
بېيىتلىرىنى ماختاپ ئوبزور يېزىپ شىپىگىراپتا چىقىدىغان بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ژۇرنىلىدا ئىگە-
سى يوق ئىسىمدا ئېلانمۇ قىلغانىدى. شۇڭىغا يازغۇزسا بولارمىكى. ئوغۇ قوۋ، نەپسانىيەتچى،

ھەسەتخور، گۇمانخور، ئىككى يۈزلىمە بىر نەرسە. ھالىغا باقماي بەڭگە خىياللىرى كۆپ تېخى. ھەق بەرمىسە، ماختاپ قويمىسا ئۇنىمايدۇ. ئۆيىگە بىرىپ خوتۇنىنىڭ ئالدىدا بىر نەچچە ئېغىز ماختاشقا، ئاشپۇزۇلغا ئاپىرىپ بىر نەچچە رومكا ئىچكۈزۈشكە توغرا كېلەر تايىنلىق. خەير، ئازراق زىيان تارتىمىغىچە پايدا يوق، زاكىر بۇنى بىلەلەيدۇ. زاكىرمۇ بۇ ئەتراپتا داڭقى بار مۇغەمبەر ئادەم. ئۇ كىچىككىدىنلا «ياۋاشلىقنىڭ ئۆزى ئاخماقلىق، ياۋاش بولغاچقا قوينىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ» دەيتتى. قۇۋ بولۇشقا ھەۋەس قىلاتتى. شۇ، بىر ئاز پۇل كېتىدۇ، خالاس. پۇل بولسا جاڭگالدىمۇ ئىچىشكىز شورپا، پۇل بولمىسا شەھەردىمۇ يېيىشكىز چاڭ - توپا. زاكىرنىڭ ھاراق ھەققىدىكى تەتقىقات - ئىجادىيەتلىرى بۇلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئۇنىڭدەك تالانتكارنى دۇنيا تېخى كۆرگىنى يوق. دۈشمەنلىرى ئۇنى «قۇرۇق قاپىيەچى»، «زامانىۋى قوشاقچى» دەپ تىللىسا تىللاۋەرسۇن، ئۇ ئىجادىيەتچى بولۇپلا قالماستىن ھەققىي كەشپىياتشۇناس، پەيلاسوپ. مانا مەسىلەن، ئۇ يەنە ھاراقنىڭ يۈرەكسىزگە يۈرەك، بېخىلغا مەردلىك، قارىغۇغا كۆز بېغىشلىيالايدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. زاكىرنىڭ ئېسىگە دەرۋەقە بىر رىۋايەت كېلىپ قالدى: ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئانا قەبىلىسى ھون ۋە ساكلاردىن بۆلۈنۈپ چىققىلى خېلى زامانلار بولغان چاغلار ئىكەنمىش. ئۇلارنىڭ بىر ئوقۇمۇشلۇق ئادىمى ئاشلىقنى ئېچىتىپ ئەرقى ئۇسۇلدا ھاراق كەشىپ قىپتىكەن، ئىچكەنلەر مەس بولۇپ يىتىپ قاپتۇ. بۇنى بىرسى خاقانغا مەلۇم قىپتۇ. «بۇ جاھاندا تەڭدىشى يوق خاقان، بۇ ئاپەت يوقىتىلمىسا پۇقرامۇ، مەنسەپدارمۇ، لەشكەرمۇ مەس بولۇپ ئۆلۈكتەك يىقىلىدۇ، ئالجىپ كېرەكتىن چىقىدۇ، دۆلەت خاراب بولۇپ تاجۇ - سەلتەنەتكە دەز كېتىدۇ» دەپتۇ. خاقاننىڭ سەپرايى يەتتە گەز ئۆرلەپتۇ. ھاراقچىنى تۇتۇپ كېلىپ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۆلۈم مەيدانىغا سۆرەپ مېڭىلىشقاندا ھاراقچى خاقان بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ ئىردىجەپ تۇرۇۋاپتۇ. خەۋەر قىلىشقانىكەن، خاقان ماقۇل بولۇپ قوبۇل قىپتۇ. قوبۇلدا «زەھەرلىك نەرسە ياساشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. ھاراقچى «يوغىسۇ، ھاراقنىڭ ئۈچ چوڭ پايدىسى بار، قارىغۇنىڭ، توكۇرنىڭ، بېخىلنىڭ كېسەللىكىنى ساقايتالايدۇ» دەپتۇ. خاقان ئىسپاتلاشنى تەلەپ قىپتۇ. ھاراقچى بىر قارىغۇ بىر توكۇر ۋە بىر بېخىلنى تاپتۇرۇپ كەپتۇ. ئۇلارنى بىر ئۆيگە جەملەپ ھاراق بىلەن مېھمان قىپتۇ. راسا كەيىپ بولۇشقاندا قارىغۇ «ئاغىنىلەر، نېمە كارامەت بۇ، كۆزۈم ساقىيىپ كەتتى، مانا نۇر كۆردۈم، جاھان يورۇپ كەتتى، بۇ شەھەر نېمانچە چىرايلىق» دەپ ۋارقىراپتۇ. توكۇر ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىدا بېلىنى تىرەپ «پۇتلىرىم ساقايدى، كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ كەتتى، ئىشەنمىسەڭلار ھازىر بىر تېپىپ پۈتۈن شەھەرنى تۈزلىۋېتىمەن!» دەپ توۋلاپتۇ. بېخىل بۇرۇتىنى تولغاپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ «تۈزلىۋەت، پۈتۈن چىقىمىنى ئۆزۈم تۆلەيمەن!» دەپ جار سالپتۇ. پۇقراچە ياسىنىپ ئىشىك تۈۋىدە قاراپ تۇرغان خاقانمۇ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ قاقاھلاپ كۈلۈپتۇ. دەررۇ تەختىگە قايتىپتۇ. ھاراقچىنى چاقىرتقۇزۇپ ئازاد قىپتۇ ۋە مۇكاپاتلاپتۇدەك ... قېنى ئەمدى شۇنداق ئادىل خاقان زاكىرغا ئۇچراپ قالسىدى. مىڭ ئەپسۇس، تەقدىر ئۇنىڭغا ئۇچراتمايدۇ. بۇ تەقدىر ئۇنىڭغا شۇنداق بېخىل، شۇنداق كاج ... ئۇ ئاچچىقىدا بوغۇلدى، چوڭقۇر خورسىندى. پېشانىگە يېزىلمىغان نەرسىنى تالىشىشقا ئاناڭنىڭ ھەققى بارمىدى . . .

زاكىر ئۆمىلەپ دېگۈدەك ئورنىدىن تۇردى. چۈنكى يامغۇر تامچىلاشقا باشلىغانىدى. يامغۇردا بۇ يەردە يېتىۋەرسە سۇغا چۈشكەن ئىتتەك بولۇپ قالمامدۇ؟ ئۇ ماڭدى، ئۇ توختىماي ئىلگىرىلىشى كېرەك. زاكىرغا پۈتۈن ۋۇجۇدىدا بىر خىل كۈچ ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كاللىسىمۇ روشەن ئىشلەۋاتقاندەك، جېنى ئىچىگە، ئۆزى كوچىغا پاتمايۋاتقاندەك ئىدى. يامغۇر كۆچەيدى. چىراغ شولىسىدىكى سېمونت يول بىر دەمدىلا ئەينەكتەك پارقىراشقا باشلىدى.

زاكىر سۇ كۆۋرۈك يىقىلغان جايغا كېلىپ يەرگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ سۇدا ئۆز سۇرىتىنى كۆرۈپ قالغانىدى. سۇدىكى سىماسى تولىمۇ تۇتۇق كۆرۈنەتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ قىياپەت كۆڭلىگە غەشلىك سالدى. هاراقكەشلىك ئادىتى زاكىرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدە روشەن بەلگىلە قالدۇرماقتا ئىدى. سۇدىكى هازىرقى ئەكسىگە كۈندۈزى تىكلىمە ئەينەكتىكى كۆرگەن ئەكسى كېلىپ قوشۇلدى. تەقى- تۇرقى روشەنلەشتى. هاراق ئۇنىڭ يۈز شەكلىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. پېشانە ۋە كۆز ئەتراپىنى ھەتتا مەڭزىلىرىنىمۇ ئۇششاق قورۇقلار قاپلاپ بارماقتا. قاشلىرى چارلىشىپ، كىرپىكلىرى تۆكۈلمەكتە. بۇرنى قايىنىتىلغان ئامۇتقا، چېكە تومۇرلىرى كۆك چۇۋۇلچاقلارغا ئوخشاپ قالدى. قاپاقلىرىدا ئىششىق، رەڭگىدە كۆك ئارىلاش ساغۇچلۇق بار. بىر جۈپ يۇمىلاق تۆشۈككە ئوخشايدىغان چاناقلىرى ئىچىدىن ئۇششاق قان تالالىرىغا تورالغان كۆزلىرى غەلىتە پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىچىدىكى مايلىشىپ كەتكەن ئەسكى تۆمۈررەڭ كاستيۇم- بۇرۇلكا سالپىيىپ دەزماللىنىش نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ. رەڭگى ئۆڭگەن گالستۇك بىر ياققا قىڭغىيىپ بويۇنغا سېلىنغان سىرتماقنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭدىكى تاماق قالدۇقلىرىدا قورشالغان قاراماي دېغى بىر قاراشتىلا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئاغزىنىڭ چۆرىسى ۋە ئېڭىكىنى چوتكىنىڭكىدەك قاتتىق چار تۈك قاپلىغان. زاكىر بۇرۇلكىسىنىڭ ساق قالغان بىر تالالا تۈگمىسىنى خېلىغىچە ھەپىلىشىپ ئاران ئەتتى. تاقىرلىشىپ كېتىۋاتقان بېشىغا چاپلىشىپ قېلىۋاتقان ھۆل چاچلىرىنى قالايمىقان سىلىدى. پېشانىسىدىن سىرغىغان يامغۇر سۈيى ئېڭىكىدىن تامغاندا قاپقارا يۈندا رەڭگىگە كىردى. زاكىر يۈزىدىكى سۇلارنى ئالقىنىغا سىرىپ قاراپ قويدى. «هاراقكەشلىك مېنى ياۋايىراق، مەينەتىرەك قىلىپ قويۇۋاتامدۇ نېمە؟» دەپ غۇدۇڭشىدى. ئۇ يۈزىدىكى ئېقىۋاتقان سۇلارنى يەڭلىرىدە سۈرتۈۋېدى، يېڭىدىكى لاي يۈزىگە چاپلىشىپ قارا لاي چېشلىگەن ئالۋاستىغا ئوخشاپ قالدى. ئۇ ئېغىر پۇتلىرىنى سۆرەپ ئالدىغا ماڭدى. قانداقتۇ بىر ئاھاڭ ئېسىگە كېلىپ دىمىقىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دەردى- بالالىرى ناخشىدا ئىزهارلىنىۋاتقاندەك كۆپ. بۇ قايسى ناخشا، قايسى ئاھاڭ بولغىيتتىكى، بۇ ئاھاڭغا ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيسىنى سېلىپ ئېيتسىمۇ بولغۇدەك. چۈنكى، ئۆمەر ھەييام هاراق توغرىسىدا كۆپ رۇبائىيلار يازغان ئۇلۇغ شائىر ئىدىغۇ. هازىرمۇ بەزىلەر ئۇنىڭ تەييار پىكرىنى قاپىيىگە سېلىپلا تاسمىنى سۇ پۈركۈپ سوزغاندەك بولۇشىغا سوزۇپ ئۇزۇندىن ئۇزۇن شېئىر قىلىپ ئۆز ئىمزالىرىدا چىقىرىۋاتىدىغۇ. بەزىلىرى غەلىتە تەخەللۇسلارنى قويۇۋالىدۇ تېخى. زاكىرغۇ ئۇنداق ئېشەك مىجەز، تەخەي كاللا تەرسالاردىن ئەمەس. زاكىرمۇ بەزىدە ئۆمەر ھەييامنىڭكى بىلەن ھۆسن تالاشقۇدەك رۇبائىيلارنى يېزىپ قويىدۇ. بىراق، ئۇنىڭكىدىن ياخشىراق رۇبائىيلارنى يازسىمۇ بۇ خەق ئېتىراپ قىلمايدۇ. بەربىر كۆرەلمەيدۇ، ھەسەت قىلىشىدۇ ئەمەسمۇ بۇ چىدىماسلار. ھەي، بۇ زامان ئۆمەر ھەييام زامانى ئەمەستە. هازىرقى ئادەملەر بۇزۇلۇپ كەتتى. مىللەتنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاش چۈشىگىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ.

ئەگەر مەن ئۆلسەم
هاراقتا يۇيۇڭ.

..............................

زاكىر سەنتۈرۈلۈپ ئىككى قېتىم يىقىلدى. ھەر يىقىلغاندا ناخشىسى بىر هازاغىچە ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىككىنچى قېتىم يىقىلىپ تۇرغاندىن كېيىن مېڭىسى بىر ئاز سەگىدى. كىيىملىرىنىڭ ھۆل بولغانلىقىنى سەزدى. مانا شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئاۋات كوچىدىن بۇرۇلۇپ ئويمان مەھەللىسىگە كىرگىنىگە خېلى بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئالدىدىكى مەسچىت پەشتىقى ئۇنىڭ

بۇ كوچىدا كەم بولسا 500 مېتر ماڭغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. زاكىرنىڭ ۋەيرانە ئۆيى
بۇ يولدا ئەمەس ئىدىغۇ، ئۇ كوچىغا نېمىشقا كىردىكىنە، ئېزىپ قېلىپ يۈرگەن بولمىغىدى...
ياق، بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە 4- خوتۇنىنىڭ ئۆيى مۇشۇ ئەتراپتا ئىكەنلىكى چۈشتى. ئاجراش-
قاندىن كېيىن ياقا يۇرتلۇق ئىكەنلىكى، بىر بالىسى بارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ نۇرنىسانىڭ ئە-
دارىسىدىكىلەر ئىدارە ئائىلىلىكلەر بىناسىدىن ئۇنىڭغا ئۆي بەرگەنىدى. زاكىر ئۆز كالىسىدىن
رازى بولۇپ ھىجىيىپ قويدى. شۇنداق، ئۇنىڭ كالىسى سۆزۈك كاللا. پۇتلىرىمۇ ئەقىللىق. ئۇ
بۇ ياققا كېلىشنى ئويلىمىسىمۇ بۇ كاللا، بۇ پۇتلار ئۇنى بۇ ياققا ئېلىپ كېلىۋېرىدۇ. چۈنكى
ئۇلار خوجايىنىنىڭ تېگى- تەكتىدىن نېمىنى خالايدىغانلىقىنى شۇنداق ئوزلۇكىدىن بىلىۋېرى-
دۇ. بۇنداق بولۇشىمۇ تۇنجى قېتىم ئەمەستە. تۆت خوتۇنىنىڭ تۆتىلىسى بولۇپمۇ 4- خوتۇن
بىلەن بولغان ئالاقىدە بۇ خىل ئىشلار كۆپ يۈز بەرگەن. چۈنكى ئۇ تەكشەلگەندە يۈزى تۆكۈ-
لۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ. بەلكىم بۇ شۇنداق بىر ئادەت، بىر رېغبىلكىلىق كۆچتۇر.
ئەيتاۋۇر كارامەتلىك ئىقتىدار. بۇنداق ئىش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. زاكىر
مەمنۇنلۇق بىلەن ئۆپچۆرىسىگە نەزەر تاشلاپ ئىلجىيىپ كۈلۈپ قويدى. بۇ ياقلار ئۇنىڭغا شۇن-
چە تونۇش. ئالتوپىلاڭ زامانلاردا ئۇ بۇ ياقلاردا تالاي قېتىم كوچا سەتەڭلىرى بىلەن ھاۋا
يېگەچ شەھەرنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغان. شۇ يوللار ئۇنىڭ مەسلىكتىكى سەتلىك-
لىرىنى، مۇھەببەتتىكى ئېگىز- پەسلىكلىرىنى بىلىدۇ. نۇرنىسانىڭ تۇنجى قېتىم پۇشايمان قىلغان
چاغدىكى مۆلدۈرلىگەن كۆزلىرىدە، تىترىگەن لەۋلىرىدە پەيدا بولغان دەرد- ئەلەمنى، تالاي
ئاچچىق خاتىرىلەرنى بۇ يوللار ئېسىدە ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇ نۇرنىسا نېمىشقا ئۇنى بارا- بارا
شۇنچە يامان كۆرۈپ كەتتىكىن. خۇددى پۈتۈن دۇنياسىنى زاكىر ئوغرىلىۋالغاندەك ئۇنى ئىچ-
ئىچىدىن يامان كۆرىدۇ دېسە، تۇۋۋا! زاكىر ئۇنى ھازىرمۇ ياخشى كۆرىدۇ. زاكىر قەمەردىن
قالسىلا مۇشۇ خوتۇنىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن خوتۇنسىز قالدى.
ئۆيىدىن سوغۇق بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان بولدى. زاكىرنىڭمۇ ئۆي تۇرمۇشىغا بولغان تېرىقچى-
لىق قىزىقىشىمۇ تەلتۆكۈس يوقالدى. لاقا- لۇقىلىرى شۇنچىلىك چېچىلىپ ياتىدىغان بولدىكى،
ئۆيى بەئەينى بويتاق ئىگەرچىنىڭ ئەسكى-تۈسكىلەر ئامبىرىغىلا ئوخشاپ قالدى. كىيىم- كېچەك-
لىرىنىمۇ بىر باشتىن سۇۋارى كىيىپ چىقىقاندىن كېيىن، ياقا- يەڭلىرىگە قاراپ ئانچە
كىر ئەمەسرەكلىرىدىن باشلاپ تاللاپ يەنە ئىككىنچى قېتىم ھەممىنى قايتا كىيىپ چىقىدىغان،
بۇنداق تاللاپ كىيىشنى ھەتتا بەش - ئالتە قېتىمغىچە تەكرارلايدىغان بولدى. بۇنداق چاغلاردا
پۇشايمانغا ئوخشاش بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى، خىرە قىلاتتى. زاكىرمۇ بۇ خوتۇنىدىن ئارتۇقچە خۇۋ-
لۇق كۆرۈپ كەتمىگەن. بۇ خوتۇن زاكىرنى پات - پات تىللايتتى. سوئال - سوراققا ئالاتتى. زاكىر
ئۇنىڭ بەزى زىننەت بۇيۇملىرىنى، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئوغرىلاپ ئەپچىقىپ سېتىپ، پۇلىغا
ھاراق ئىچىپ قويغان چاغلاردا بۇ خوتۇن ھەتتا ئۇنى ئۇراتتى. زاكىرنىڭ بېشىدا خېلى تا-
ياقلار سۇنغان، لېكىن زاكىر ئۇنىڭغىمۇ «مەيلىلا» دېگەنتتى. چۈنكى زاكىرنىڭمۇ قول ياندۇرغان،
ئۇنى ئۇرغان چاغلىرى بولغان. جېدەللەر مۇشۇنداق تەكشىلىدۇ، ئەمەسمۇ. يەنە بىر تەرەپتىن
بەزىدە جېدەلمۇ كۆڭۈل ئاچىدۇ. ئۆمەك ئىچىدىمۇ بەك تىمتاسلىق بولۇپ كەتكەندە زاكىرنىڭ
ئىچى پۇشىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇياقتىن - بۇياققا بىر قاترايدۇ - دە، بىر مۇنچە گەپ تېرىپ
كاللا سوقۇشتۇرۇپ تاماشا كۆرۈپ ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىدۇ. ھاراق يوق چاغدا بۇنىڭ ئۆ-
زىمۇ كىشىگە ھاراقنىڭ ھوزۇرىنى بېرىدۇ دېسە...

يامغۇر توختاپ، ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. تاغ تەرەپتىن ئۇرۇپ بولۇتلارنى سۈرۈپ كەتكەن

شامال تاغنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئاسماندا ئالتۇندىن قۇيۇپ ياسالغاندەك قىزغۇچ قالدۇق ئاي پارقىرىدى. شالاڭ يۇلتۇزلار ئالماس كىرپىكلىرىنى قېقىپ سۈس جىمىرلىدى. قىسقا كۈز كېچىسى يەنە ئۆزىنىڭ جىمجىتلىقى ۋە ئىللىقلىقىغا قايتقانىدى.

بۇنداق كېچىلەردە سۈزۈك يۇلتۇزلۇق ئاسمان، ئۆزىنىڭ يازغى خۇش-پۇراقلىرىنى سوغۇق، زەي پۇراقلارغا ئالماشتۇرۇۋاتقان يەر، مىنۇتلاپ سارغىيىۋاتقان دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار يۈ-رەكتە قايغۇلۇق خىياللارنى قوزغىتىدۇ. شەھەرنى قوچاقلىغان جىمىلىق شىلدىرلاپ چۈشكەن ھەر بىر ياپراقنىڭ تاۋۇشىنى ئېنىق كىرىپ زاكىرنىڭ يۈرىكىنى پەرىشان قىلاتتى. ئەيتاۋۇر ئۆز كەيپىياتىنىڭ زادى قانداقلىقىنى مۇشۇنداق ئاڭقىرالمىغان پېتى ئۇ نۇرنىسانىڭ ئۆيىگە يې-قىنلاشتى. يول كىچىكرەك بىر دۆڭدىن پەسكە ساڭگىلىغاندا تونۇش ئائىلىلىكلەر قورۇسى كۆ-رۈندى. نۇرنىسا مۇشۇ قورۇنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىن بىناسىنىڭ 2 - قەۋىتىدە چەتتىكى ئۆيدە تۇراتتى. زاكىر يىراقتىنلا ئۇنىڭ ئۆيىدە چىراغ يېقىقلىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. تۈن نىسپى-دىن ئاشقىلى نېكەم، ئۇ نېمىشقا ئۇخلىمىغاندۇ. كىتاب خۇمارراق نېمىدى، بەلكى كىتاب ئوقۇ-ۋاتقاندۇ. ھۇشۇنداق كىتابى قۇرۇسۇن، كىتاب ئوقۇماي زاكىرنى كۈتكىنى تۈزۈك. بىر چاغ-لاردا، ئۇ تېخى چوكان ۋاقتىدا زاكىرنى كېچىلىرىمۇ كۈتەتتىغۇ، ئەمدى جۇۋان بولۇپ، خو-تۇن بولۇپ قېرىغىلى تۇرغاندا نېمىشقا كۈتمەسلىكى كېرەككەن؟ ئۇ چاغلاردا «سۆيىمەن» دەيتتى. كېيىن، كېيىن «كېلىڭدىن ئىققىدە بوغىمەن، گال پىچاقتا تېپىرلىتىپ سويىمەن» دەيدىغان بولدى. زاكىر تالاي قېتىم ئۇنىڭ زەردە بىلەن قىلغان زەھەردەك ئاچچىق سۆزلى-رىنى چىداپ تۇرۇپ ئىچىگە يۇتۇۋەتكەن. توۋا، شۇنچە كەچۈرمىگىدەك زاكىر نېمە گۇناھ قىپتىكەن؟ يەنىلا شۇ ھاراقكەشلىك... ياق، بۇ گۇناھ ئەمەس، نۇرنىسا توغرا مۇئامىلە قىلىدۇ. زاكىر ئۇنىڭ بىلەن بەش قېتىم ئاجراشقان، بەش قېتىم ياراشقان ۋە يەنە ئاجراشقان. بەزى يارىشىشلار قانۇنىي رەسمىيەتسىزلا بولۇۋەرگەنىدى. كېيىنكى ئاجرىشىشتىن بېرى قايتا ياراشقىلى بولمايۋاتىدۇ. بۈگۈن ئىش ئۇنىڭغا تارتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. بۈگۈنكى ئۇچرى-شىش تەقدىرنىڭ سوۋغىسى...

شۇ ئەسنادا نۇرنىسا دېرىزە ئەينىكىگە يۈزىنى يېقىپ زاكىرغا قارىغاندەك قىلدى. ياق، قارىغانلىقى ئېنىق. قارىغاندىمۇ بۇرۇنقىدەكلا قوي كۆزلىرى بىلەن كۈلۈمسىرىدى. زا-كىرمۇ دەررۇ جاۋابەن ھىجايدى. يەڭگىللىگەندەك بولدى. بىر دۆلەتنى ئىشغال قىلغان پادى-شاھدەك قىن - قىنىغا پاتمىغان خۇشاللىقتا ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى. كېلىۋېتىپلا دېرىزە ئەي-نىكىدىن قاراپ تۇرغان نۇرنىساغا قول شىلتىپ ۋارقىرىدى:

— نۇرنىسا، كېلىدىغانلىقىمنى يۈرىكىڭ تۇيغانمۇ؟ قانداق بىلدىڭ، نۇرنىسا، ياخشىمۇ سەن، ئىشىكنى ئاچ نۇرنىسا!

نۇرنىسا دېرىزە ئەينىكىدىن قىمىر قىلماي قاراپتتى. ئۇ نېمىشقا قىمىرلىمايدىكىنە، ياغاچ ئادەمدەك قېتىپ تۇرغىنىنى، ماگىزىن دېرىزىلىرىدىكى ئادەم مودېللىرىغا ئوخشايدۇ. نېمىشقا بۇ تەتەك قاراپ تۇرىدىغاندۇ، باشقا بىرىنى كۈتۈۋاتامدۇ يا... زاكىرنىڭ سەپرايى ئۆرلە-دى. قىزىشىپ كۆزلىرى تىندى، تەلۋىلەندى. ئەتتەك، شۇ تاپتا يەنە بىر رومكا ھاراق بولسىدى.

— نۇرنىسا، ئىشىكنى ئاچ نۇرنىسا!...

قورۇ دەرۋازىسى ھاڭگىرقاي ئوچۇق ئىدى. زاكىر دەرۋازىدىن ئۆتۈپ بىنادىكى بىرىنچى يولەكنىڭ ئىشىكىدىن كىردى. قاراڭغۇدا تامغا يۆلىنىپ ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، ۋارقىرىغىنىچە يۇقىرىغا ئۆرلەشكە باشلىدى. مانا 2 - قەۋەتنىڭ ئۆتمە يولىغىمۇ چىقتى. بىر-دىنلا باش ئاغرىقىمۇ، ئۆگدىكىمۇ يوقالدى. دەرۋەقە نۇرنىسا ئۇخلىمىغانىدى. ئۆيدە مېھمانلار

بەزمە قىلىۋاتاتتى. زاكىر قاراڭغۇ ئۆتمە يولدىن مېڭىپ قىيا ئوچۇق ئىشىككە يېقىنلاشتى. ئاستا ماڭدى. نۇرنىسا دالاندا ئوچاق بېشىدا ئاۋارە ئىدى. ئىچكىرى ئۆينىڭ ئوچۇق ئىشى- كىدىن شىرە ئەتراپىدا ئولتۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. تۆۋەن ئۈنگە قويۇل- قان ئۈنئالغۇدىن بىر قىزنىڭ شوخ ناخشىسى ئاڭلىناتتى. دەسلەپكى دەقىقىدە زاكىر تامدەك قېتىپ زوۋانى تۇتۇلۇپ قالدى، يۈرىكى ئارقىسىغا تارتىلىپ كەتتى، بۇنداق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەستەك تۇيۇلدى. ئۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان چۈشتەك بىلىندى. مېڭىسىدىكى دەسلەپكى تورمۇزلىنىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇرۇنمۇ ئۆزى بايقىغان، ھەتتا دەھشەتلىك مىش-مىش گەپلەرگە سەۋەب بولغان مۇشۇنداق بەزى سەت ئىشلار ئېسىگە چۈشتى-دە، ئەرۋاھى ئۈركىدى. كۆڭلىگە بىر زىلزىلە چۈشتى. كۈنچىلىك ئوتى يەنە لاپپىدە ياندى. كۆزلىرى پىيالىدەك چەكچەيدى. كۆزلىرىگە قىزىللىق تېقىلدى. چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، بېشىنى سىلكىپ دېۋەيلىگىنىچە لام-جىم دېمەيلا بېرىپ ئىشىكنى بىر تېپىپ ئاچتى-دە، بوسۇغىنى ئاتلاپلا توختىدى. دەلدەڭشىگىنىچە ئىككى قولىدا ئىككى بېقىنىنى تىرەپ دېدى:

— ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بوسۇغىدا پەيدا بولدۇممۇ شاپاقچى!

چاتاق تېرىلدى. زاكىرنى كۆرۈپ نۇرنىسا ئاچچىقىدا بوغۇلدى. دەھشەتلىك ئاۋازدا چىرقىرىۋەتتى. ئىچكىرى ئۆيدىن ئىككى ئەركەك يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇلار سوقاسەندەلدەك تەمبەل ئىدى. زاكىر دۈمبە، گەجگە ۋە باشلىرىغا مۆلدۈردەك تېگىۋاتقان مۇشتلارنىڭ ئاغرىتىشىدىن بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ چۈشمۇ، خىيالەتمۇ ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەلىدى. ئوڭ-تەتۈرىنى ئۇقۇپ بولغۇچە ئۇ ئۆزىنى ئىككى ئادەمنىڭ پەلەمپەيدىن سۆرەپ پەسكە ئېلىپ چۈشۈۋاتقان- لىقىنى، پۇتىنىڭ باسقۇچلارغا ئۆلۈكنىڭ پۇتىدەك ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇلار ئۇنى بىنا ئىشىكىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ شېغىل يەردە سۆرەپ ماڭدى. دەرۋازىدىن ئارقىسىغا كەلتۈرۈپ بىر نەچچىنى تېپىپ چىقىرىۋېتىشتى. زاكىر يەرگە دۈم چۈشتى. تىرمىشىپ ئۆمىلەپ قوپۇۋاتقىنىدا گەجگىسىگە شۇنداق بىر زەربە كېلىپ ئۇرۇلدىكى، بويىنى «چىممىدە» قىلغاندەك بولدى-دە، چىداپ تۇرغۇسىز ئېچىشىپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇ كەينىگە قايرىلىپ قاراپ نۇرنىسانىڭ سوغۇق تەلەتىنى خىرە كۆرگەندەك قىلدى، بىراق يەنە تەگكەن زەربىدىن «پوككلا» قىلىپ يېتىپ قالدى، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى، جىمىكى نەرسە پىرقىرىغاندەك، ئۆكتۈرۈلۈپ-كۆمتۈرۈلۈۋاتقاندەك بولدى. ئوڭ قولى تاشقا تېگىپ سىرقىراۋاتقان تىزىغا ئەمەس، بويىنىنىڭ كەينى تەرىپىگە سوزۇلدى. بۇ ئىختىيارسىز لېكىن توغرا قىلىنغان ھەرىكەت ئىدى. زاكىر ئالقىنىنى كۆزىگە يېقىن ئەكېلىپ قان يۇققىنى كۆردى. ئىشەنمەي گەجگىسىنى قايتا سىلاپ قارىۋېدى، بۇ قېتىم ئالقىنىنىڭ پۈتۈنلەي قانغا بويالغانلىقىنى كۆردى. دەھشەتلىك بىر قورقۇنچ يۈرىكىنى پىچاقتەك يېرىپ كىردى. قولىنى قايتا-قايتا بويىنىغا تەگكۈزۈپ كۆرۈپ، قانىنىڭ تەپچىپ ئېقىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. جېنى بوغۇزىغا قاپلاشقاندەك بولۇپ ۋارقىرىۋەتتى. سۆرۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كوچا بويلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى. بىراق ھەرىكىتى ئاستا ئىدى. ئۇشتۇمتۇت ئوڭ پۇتى ھاۋاغا دەسسىدى. گەۋدىسىمۇ ھېلىقى خالا جايغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان چاغدىكىدەك قانداقتۇ بىر بوشلۇققا بىراقلا ئاغدۇرۇلدى. يۈرىكى پەسكە تارتىلدى. سول تىزى سېمونت گىرۋەككە تېگىپ، ئۆزى يەرگە جەينەكلەپلا دۈم چۈشتى. ئوڭ پۇتى سېمونت يولدىكى يەر ئاستى سۇ يولىنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇ يىقىلىشتا پۈتۈن گەۋدىسىنىڭ ئورەككە چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ

ياپراقتەك تىترەيدى. ئىككى قولى ۋە سول پۇتىدا تايىنىپ زورۇقۇپ كۆرۈپ بولۇپ، ئاران دېگەندە پۇتىنى تۆشۈك ئاغزىدىن تارتىپ چىقىرىۋالدى، ئاندىن يەردە بىر دۈمىلاپلا تۈۋرۈكتىن يىراقلاشتى. تېخى كۆرىدىغان كۈنى بار ئىكەن. بۇنداق تۆشۈك ئېغىزىغا يىقىلىپ ساق قېلىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر مۆجىزە ئىدى. ئۇنىڭ ھاراق ئۇلپەتلىرىدىن شۇنداق تۆشۈككە يىقىلىپ ئۆلگەنلەر بار ئىدى. زاكىر تىرمىشىپ تۇرۇپ يۈكۈندى. سۇ يولى ئاغزىنىڭ قاپقىقىنى ئەتمىگەن ئىشچىنى تىللاپ قاغىدى. ئۆزىنى شۇ تۆشۈككە ئۇلاپ چۈشۈپ بىرىنى قاتىلىشىپ ئۆلۈشتىن ساقلىغان تەقدىرگە ۋە تەقدىرنىڭمۇ ئىگىسى ئاللاھقا رەھمەت، بارىكاللا ئوقۇدى. بوينىدىكى قان ۋاقىتىنى سوزۇشقا يول قويمىدى. ئەمدى مەسلىك تارقالغان بولسىمۇ كېرەك، ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇش ئىستىكى كۆڭلىدە روشەن پەيدا بولدى. بىردەم ئۆمىلەپ، بىردەم گەجگىسىنى چاڭگاللىغىنىچە دومىلاپ ماڭدى. 50—60 مېترچە مۇساپىنى يىقىلىپ-قوپۇپ بېسىپ ئۆتتى-دە، بىر دەرۋازىنى مۇشتلىدى، جان ئاچچىقىدا «ئادەم ئۆلۈۋاتىدۇ، قۇتۇلدۇرۇڭلار!» دەپ توۋلىدى. بۇ بىر قەۋەتلىك ئادەتتىكىچە ئۆيى بار قورۇ ئىدى. دېرىزىدە چىراغ شولىسى پەيدا بولدى. دەرۋازا ئېچىلىپ كالتەك كۆتۈرگەن بىر ئەر، ئۇنىڭ كەينىدىن بىر ئايال چىقتى. ئۇلار يەردە ئىزلىنىپ، گەجگىسىنى چاڭگاللاپ ۋايداتلاۋاتقان زاكىرنىڭ ناتونۇش چىرايىغا قاراپ ئېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. زاكىر بەزگەك بولغان ئادەمدەك تىترەيتتى. دەققە سۈكۈتتىن كېيىن ئۇلار بىر-بىرلەپ كېلىپ زاكىرنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشقا تۇتۇندى.

—نېمە بولدى، كىم سىز؟

زاكىر مانا شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ يىرگىنەرلىك دەرىجىدە رەسۋاسى چىققان بەختسىز ھاراقكەش ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇنىڭ ئۆزىمۇ دەرد ئۈستىگە قوشۇلغان بىر دەرد ئىدى. بىراق بۇنى ئېيتقۇسى، ئىقرار قىلغۇسى كەلمىدى. ئىقرار قىلىش ئادىتىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى ھاياتتا ھەممە نەرسە سادىر بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئۆز بەدىنىدىكى يارىنى، يىرىڭنى ئۆزگىلەردىن يوشۇرۇش كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەن. ئادەملەر باشقىلاردىكى ئاجىزلىقنى بىلىپ قالسىلا بوش قويمايدۇ، شەپقەت قىلمايدۇ. ھايۋان چېغى ئۆز يارىسىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەي، خالى جايدا يوشۇرۇنچە تىلىدا يالاپ ساقايتىدۇ، ئەمەسمۇ؟!

—ۋاي، قان، بوينىدىن قان ئېقىۋاتىدۇ، ئىتتىك ئۆيگە ئەكىرەيلى!— دەپ چۇقان كۆتۈردى ھېلىقى ئايال.— ۋاي، سىزنى قانداق زالىم شۇنچە يارىلاندۇردى؟

زاكىرنىڭ كۆزىگە ئۆزىنى كېلىشتۈرۈپ بابىلىغان نۇرنىسانىڭ كۆرەڭ چىرايى غىل-پال كۆرۈنگەندەك قىلدى. بىراق نۇرنىسانى پالاكەتكە چېتىشنى خالىمايتتى. بولغۇلۇق بولدى، ئۆتكەن ئىشنى كەينىگە قايتۇرغىلى بولمايدۇ. نۇرنىسا بولمىسا ئۇنىڭ بالىسى خارلىنىدۇ. نۇرنىسا بولمىسا زاكىرنىڭ قالدۇق ئۆمرىنى قاراڭغۇلۇق باسىدۇ. زاكىر ئۆلسىمۇ نۇرنىسانىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چىقارماسلىق قارارىغا كەلدى. ھاراق نۇرغۇن نەرسىنى يوقاتقان بىلەن ئەقەللىي ئىنسانىي ھېسسىنى يوقىتالمىغانىدى. ئۇ ھەر قاچانقىدەك كاللىسىنىڭ مەس تۇرۇپمۇ توختىماي ئىشلەۋاتقىنىغا زوقلاندى.

— مەن، مەن زاكىر، قۇتقۇزۇڭلار!— دېدى زاكىر ئېچىنارلىق ئاۋازدا يىغلامسىراپ،— ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، ئىجادىيەتچىمەن. ئوغرىلار، بۇلاڭچىلار يولۇمنى توسۇپ پىچاق سالدى، رەھىم قىلىڭلار...!

1987-يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت



# شاھزادىنىڭ خۇلاسى

(ئۇيغۇر خەلق چۆچەكى)



بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ 40ياشتىن ھالقىغاندا كۆرگەن يالغۇز ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئىلىم - بىلىمگە شۇنداق بېرىلگەن ئىكەنكى، كېچىلىرى كۆز يۇمماي كىتاب كۆرىدىكەن، كۈندۈزلىرى مۇتەپەككۇرلار بىلەن سۆھبەت ۋە مۇتالىئەلەرنى ئېلىپ بارىدىكەن. ئۇ 18يېشىدىلا ئىلىم مۇنبىرىنىڭ شاھىنشاھىغا ئايلىنىپ، ئاتىسىنىڭ تەسەررۇپىدىكى شەھەرلەردىن تارتىپ يېزا - قىشلاق ۋە تاغ - جىرالارغىچە ھەر خىل مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىپ، مەملىكىتىنى «بىلىملىكلەر خەزىنىسى»گە ئايلاندۇرغانىكەن. پادىشاھ ئوغلىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئەينەككە قاراپ چاچ - ساقىلىغا قىرو قونغانلىقىغا دىققەت قىلىپ قاپتۇ - دە، ئاتىلىق بۇرچىدىن يەنە بىر مۇھىم قەرزىنى ئېسىگە ئېلىپ ئوغلىنى يېنىغا چاقىرتىپ:

## خەلق ئېغىزى ئەدەبىياتىدىن

— بالام، سەن قىران بۈركۈتتەك بولۇپ قالدىڭ، مەن بولسام ئاق چاچلىقلار قاتارىغا ئۆتۈشكە باشلىدىم. كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا سېنىڭ تىرىكلىك گۈلىستانىڭنى — تەختۋارىسىمنىڭ مىراسخورىنى كۆرۈش ئارزۇيۇم بار. كۆڭلۈڭگە پۈككىنىڭ بولسا تارتىنماي ئېيت، مۇرادىڭنى ھاسىل قىلاي، بولمىسا لايىقىنى مەن ئۆزۈم تاپاي، —دەپتۇ.

- ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، — دەپتۇ شاھزادە، — مەن مۇشۇ كۈنلەردە ئىنتايىن يۇقىرى تەلەپ ۋە ئىشتىياق بىلەن بىلىم تەھسىل قىلماقتىمەن، سىز ئېيتقان بۇ ئىشقا يەنە بىر نەچچە يىل سەۋر قىلىسىڭىز.

پادىشاھنىڭ نەسىھەتلىرى شاھزادىگە كار قىلماپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ خانىش بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شاھزادىنى مەجبۇرىي ئۆيلەش قارارىغا كەپتۇ - دە، ئۇنى ئۆز ھۇزۇرلىرىغا چاقىرتىپتۇ.

—ئوغلۇم، — دەپ سۆز باشلاپتۇ خانىش، — بۇ يىل21 گە تولدۇڭ، شاھ ئاتاڭ كېسەلچان بولۇپ قالدى، مەنمۇ مۈكچىيىۋاتىمەن. ئىككىمىزنىڭ كۆرگەن بەختىمىز پەقەت سەن — بىرلا ئوغۇل. بىلىم ئۆگىنىشنى تويىدىن كېيىن داۋاملاشتۇرساڭمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇ چاغقىچە بىزنىڭ تىلىمىزنى ئىناۋەتسىز قىلىپ كەلدىڭ. ئەمدى خالىساڭمۇ، خالىمىساڭمۇ تويۇڭنى قىلىش قارارىغا كەلدۇق، قۇدىلىشىدىغان تەرەپمۇ تويغا ھازىرلىقنى قىلىپ بولدى.

— جېنىم ئانا، — دەپتۇ شاھزادە، — مېنىڭ سىلەرنىڭ تىلىڭلارنى ئالماسلىقتا ھەددىم ئەمەس. بىراق توي قىلىشقا رازىلىق بېرەلمەيمەن، چۈنكى مەنمۇ توي قىلماسلىق قارارىغا كەلگەن.

—نېمە؟!—دەپتۇ پادىشاھ ئوغلىنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ، ئۇنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك شاھزادىگە تىكىلىپ قاراپ، — دۇنيادا مۇنداق ئىشمۇ بولامدۇ، ھازىر ئېلىمىزدە سەندىن كۆپرەك بىلىم تەھسىل قىلغان يەنە بىر كىشىنىڭ بولۇشى ناتايىن. سەن «دىل نۇرلانسا يۇرت گۈللىنىدۇ» دېگەن تەلىماتنى ياراتقان ۋە بۇ يولدا قوچقان زەپەرلىرىڭنى ئالەمگە تاراتقان بىر بىلىم ئەھلى تۇرۇقلۇق، تەنھالىقنى راۋا كۆرۈشۈڭ ئۆزۈڭنى نادانلىق زۇلمىتىگە تاشلىغانلىقىڭ ئەمەسمۇ؟!

شاھزادە يەرگە قارىغان پېتى:

— بەلكىم شۇنداقتۇر، لېكىن ئوقۇغان بەزى ھېكايەت كىتابلىرىمنىڭ قىسسەلىرى ماڭا: «ساپ ھاياتنى ۋاپاسىزلار يۈندىسىدا ناپاك قىلغاندىن، بېجىرىم يۈرەكنى ۋىجدانسىزلار خەنجىرىدە تىلىمپ زېدە قىلغاندىن كۆرە يالغۇز ئۆتۈشنى ھەممىدىن ئەلا بىل!» دېگەندەكلا قىلىپ تۇرىدۇ ئاتا، — دەپتۇ.

— ئېيتقانلىرىڭ بەرھەق. كىتابلاردا بايان قىلغان ئۇ ئىشلارنى ئىنسانىيەت ئالەمىدە بولمىغان دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ. مەن ئۇنداق شەرمەندىلىكلەرنىڭ ھازىرمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن، مۇندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ساقىندىلىرى ئەۋرەزدىكى سۇدەك سېسىق پۇراپ تۇرىدىغانلىقىدىن قىلچە شۈبھىلەنمەيمەن. بىراق ئۇ خىل رەزگىلەرنىڭ موخولاردەك ناھايىتى ئازلىقىنى كۆرمەي «ھەممە ئادەم شۇنداق» دەپ قاراش دۇنيادا ئەخلاقلىق ئادەم يوق دېگەنلىك بىلەن باراۋەر بولۇپ، بۇ مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان ياخشى ئادەملەر، ۋاپادارلار جامائەسىگە، خىيانەت - پەزىلەت ئىگىلىرىگە قىلىنغان تۆھمەت ۋە ھاقارەت بولىدۇ. بىزنى رەنجىتمە، ۋەدە بەرگىن! — دەپتۇ پادىشاھ جىددىي تۈستە قەتئىي قىلىپ.

شاھزادە ئويلىنىپ قاپتۇ. ئاخىر ئۇ:

— بىر شەرتىم بار، شۇنى بەجا كەلتۈرسىڭىز ماقۇل بولاي شاھ ئاتا، — دەپتۇ.

— دېگىن، نېمە شەرت؟

— شەھىرىمىز بويىدىكى ئەزىم دەريانىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدىغان ھاۋا بوشلۇقىغا بىر قەسىر ياساپ بېرىڭ، بۇ سارايغا چىقىپ چۈشىدىغان «شوتا» مەندە تۇرىدىغان بولسۇن، كېلىنىڭىزنى شۇ بىناغىلا كۆچۈرىمەن، بىرلا خىزمەتچى ئالىمەن، باشقا شەرتىم يوق.

— خوپ، — دەپتۇ پادىشاھ ۋە شۇ كۈنلا تەۋەسىدىكى بارلىق ئالىملارنى يىغىپ ئۇلارغا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. ئالىملار ئۈچ يىلدا دەريا ئۈستىدىكى ھاۋا بوشلۇقىدا بىر «ئاسمان ساراي»نى مۇئەللەق تۇرغۇزۇپتۇ. شاھزادە ئالىملار بەرگەن «شوتا» بىلەن «ئاسمان ساراي»نى كۆرۈپ چۈشكەندىن كېيىن توي قىلىشقا رازىلىق بېرىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىغا قوشنا پادىشاھلاردىن بىرىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئەمدى ھېكايىمىزنى شاخلايمىز. پايتەختكە يېڭى كەلگەن بىر سودىگەرزادىنىڭ دۇكانغا سالغان ماللىرى سەرخىللىقى، ئېسىللىقى بىلەن پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپ، خېرىدارلارنىڭ باس-باس بولۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان مەلىكە ماللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تاللىۋېلىش ئۈچۈن بىر موماي ۋە ئىككى كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالتۇن مەپىگە ئولتۇرۇپ دۇكانغا كەپتۇ. ئۇ ماللارنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن پۇلنى ھېسابلىتىپ سودىگەرزادىگە: «پۇلنى ھازىر ئەۋەتىپ بېرىمەن» دەپتۇ-دە، ماللارنى ئېلىپ قايتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن موماي پۇلنى ئېلىپ كەپتۇ. ئەمما بۇ چاغدا سودىگەرزادە دۇكاننى تاقاپ، دۇكانغا يۆلىنىپ، بىمار بولۇپ قالغان ئادەمدەك ھالسىزلىنىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ، مومايىنىڭ «نېمە بولدۇڭ؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئورنىغا مومايدىن ئۆزىنى ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئىلتىجا قىپتۇ. موماي بىر مەپە چاقىرىپ سودىگەرزادىنى ھۇجرىسىغا ئاپىرىپتۇ. ئاي-ھاي، ئۇنىڭ ھۇجرىسى شۇنداق كۆركەم ئىكەنكى، ئېسىل يىپەك گىلەملەر بىلەن پۈركەنگەن مۇنداق ياسىداق ھۇجرا شاھ ئوردىسىدىمۇ يوق ئىكەن. سودىگەرزادە بىر ئازدىن كېيىن سەل ئۆزىگە كەپتۇ. ئۇ مومايىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ قەنت-گېزەكلەر بىلەن مېھمان قىپتۇ. ئاندىن سۆزگە كىرىپ:

— موما، بايىقى گۈزەل سەنەم كىم بولىدۇ، ئۇ مال كۆرۈۋاتقاندا شامال يۈزىدىكى رومىلىنىڭ بىر تەرىپىنى قايرىۋەتتى. كۆزۈم ئۇ گۈزەللەر شاھىنىڭ تولۇن ئايدەك نۇرانە جامالىغا چۈشتى، كۆكسۈمگە ئىشق ئوتى تۇتاشتى، ئىختىيارىمنى ئۇ ئېلىپ كەتتى، — دەپ ھالىنى بايان قىپتۇ.

— ئى يىگىت، بۇ خىيالىڭدىن ۋاز كەچ، بىھۇدە ئاۋارە بولما. مانا پۇلۇڭنى ئېلىپ كەلدىم، تاپشۇرۇۋال، — دەپتۇ موماي.

— ئانىجان، بۇ پۇللارنى ساڭا بەردىم، بىر ئامال قىلىپ مېنى ئۇ ساھىبرەنانىڭ مۇبارەك ۋىسالىغا يەتكۈزسەڭ.

— بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— موما، يۇرتۇم يىراقتا قالدى، بۇ يەرگە مۇساپىرمەن، بۇ جاينىڭ ئەھۋالىنىمۇ بىلمەيمەن، ماڭا رەھىمىڭ كەلسۇن، ھېچبولمىغاندا مېنى ئاشۇ گۈلرۇخسارنى بىر كۆرۈۋېلىش بەختىگە ئېرىشتۈرسەڭ، دېگىنىڭنى بەرسەم، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ سودىگەرزادە.

موماي قولىدىكى بىر خالتا تىللاغا ۋە بايۋەچچىنىڭ «دېگىنىڭنى بەرسەم» دېۋاتقانلىقىغا قاراپ، بۇ نەق ئولجىنى قولدىن چىقىرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن:

— ئى بايۋەچچە، گېپىمگە قۇلاق سال، ئۇ قىز مەملىكىتىمىزنىڭ مەلىكىسى — سۇلتانىمىزنىڭ يالغۇز قىزى. ئۇ يات ئەردا باشقا بىر ئەلنىڭ شاھزادىسىگە ياتلىق قىلىنماقچى. ئۇ سەندىن ئالغان ماللارنى خەيرلىشىش ئالدىدا تۇرغان ۋە ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ بارىدىغان كېنىزەكلەرگە ھەمدە كېلىن بولۇپ بارغۇسى دۆلەتتە قوشۇلىدىغان يېڭى كېنىزەكلەرگە سوۋغا قىلىشقا ئالدى. ئىككى پادىشاھ پۈتۈشكەن بۇ ئۇلۇغ توي ئىشىنى بۇزۇش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن مەن سېنى مەلىكە بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئويلىنىپ كۆرەي، — دەپتۇ.

— شۇنداق قىل ئانا، جېنىم، بارلىق ۋەسلىم بۇ يولدا پىدا، — دەپتۇ بايۋەچچە ۋە شۇئان ئۇنىڭ كاللىسىغا «مومايىنىڭ ئۆيىدە تۇرسام...» دېگەن خىيال كەپتۇ-دە، — بولسا ئۆز

www.uyghurkitab.com

ئۆيۈڭدىن پاناھلىق بەرگەن بولساڭ، سېنى بۇ يەرگە كېلىپ-كېتىشكە ئاۋارە قىلىپ يول ماڭدۇرمىسام،— دەپتۇ.

بايۋەچچىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان موماينىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆز ئۆيىنىڭ مۇشۇ ھۇجرىدىكى يىپەك گىلەم، ئېسىل جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن شاھانە مەنزىرىسى لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ - دە: «بالام سېنىڭدىن ئۆي ئايلانسۇن، ھازىر كۈن كەچ بولۇپ قالدى، مەن ئەتە مەلىكىدىن ئىجازەت ئېلىپ كېلىپ بۇ ئىشنى جۆندەي» دەپ يېنىپ كېتىپتۇ. دېگەندەك ئەتىسى كېلىپ بايۋەچچىنى سودىگەرلەر سارىيىدىن ئۆز ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ئاپىرىپتۇ. موماينىڭ كىچىككىنە بىر ھويلىسى، ئىككى ئېغىز ئۆيى ۋە بىر يېتىمەك مالىيى بار ئىكەن. موماي بايۋەچچىگە:

— يىگىت، بۇ ئۆي كىچىك ھەم كونىراق، لېكىن ساڭا تارلىق قىلمايدۇ، خالىغىنىڭچە تۇرغىن، بىساتلىرىڭ بىلەن كۆڭلۈڭگە ياققۇدەك قىلىپ جابدۇغىن، ھالىڭدىن ئۆيۈمدىكى خىزمەتچى خەۋەر ئالىدۇ. مېنىڭ ئۇ يەردە نۇرغۇن ئىشىم بار، —دەيتۇ - دە، ئوردىغا كېتىپتۇ. بايۋەچچە پىراق ئوتىدا باغرىنى داغلاپ، موماينىڭ كېلىشىنى ئىشىكتىن ماراپ، ئاھ ئۇرۇپ، پىغان چېكىپ، كۆزىنى دەردئەلەم يامغۇردا ياشلاپ يېتىپتۇ. ئەمما موماي شۇ كەتكەنچە قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. چۈنكى مەلىكىنىڭ تويى باشلىنىپ كېتىپتۇ. توي 40 كۈن داۋام قىپتۇ. بۇ جەرياندا سودىگەرزادە بارا-بارا تاماقتىنمۇ قاپتۇ. توي تۈگەپ، مەلىكە ئۇزاپ، موماي ئۆيىگە كەلگەندە بايۋەچچە مەيدىسىنى يەرگە يېقىپ ياتقان يېرىدە مىدىرلىيالماي قالغانىكەن.

— يىگىت، مۇنداق ئاھ ئۇرۇپ يېتىش بىلەن مۇراد نىشانىغا يەتكىلى بولمايدۇ. ۋىسال جامىنى كۆتۈرىمەن دېسەڭ سەندە جان بولۇش كېرەك. ئورنۇڭدىن تۇر، يەنە ئۈچ-تۆت ئاي چىداشلىق بەر، بازارغا چىق، ئالغۇ-بەرگۈلۈرۈڭنى تۈگىتىپ، سەپەر كۆكىگە پەرۋاز قىلىشقا قانات-قۇيرۇقۇڭنى راسلاپ تۇر، مەن بىر يول تېپىپ قويدۇم، ۋاقتى كەلگەندە مەندە، ئاتلىنىمىز،—دەپتۇ موماي.

بۇ خەۋەردىن روھلانغان بايۋەچچە بىردىنلا كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ كەتكەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ موماينىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ، موماينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەييارلىققا كىرىشىپتۇ.

ئەمدى ئەسلى ھېكايىمىزغا قايتايلى. مەلىكە شاھزادىنىڭ يۇرتىغا يۆتكەپ كېلىنگەن كۈنلا، شاھزادە مەلىكىنى بىرلا دېدەك بىلەن «ئاسمان سارايى» غا ئەچىقىپ كېتىپتۇ. شاھزادە ھەپتىدە بىر قېتىم چىقىدىكەن. ئارىدىن ئۈچ-تۆت ئاي ئۆتۈپتۇ، لېكىن مەلىكىنىڭ قاپىقى ئاسماندا تۈرۈلۈپ يۈرگەن قارا بۇلۇتتەك سېلىنىپ زادىلا ئېچىلماپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادە بىر كۈنى:

— مەلىكەم، مەن سىزگە ئەرشتە ئۆي تۇتۇپ بەردىم، ئاتا-ئانىسىنى، يۇرتىنى سېغىنغاندا كۆرۈپ تۇرسۇن، ئالەمنى سەيلە-تاماشا قىلىپ ئىچ پۇشۇقىدىن خالىي بولسۇن دەپ قولىڭىزغا جاھانىنەما تۇتقۇزدۇم. ئەمما نېمە ئۈچۈنكى، مۇشۇ سارايغا كەلگەن كۈندىن تا ھازىرغىچە رۇخسارىڭىزنى دائىم كۆيگەن ئايدەك تۇتۇق كۆرىمەن، —دەپتۇ.

— ئۇلۇغ شاھزادەم، — دەپتۇ مەلىكەم كۆزىگە ھەسرەتلىك ياش ئېلىپ، —مەن يەرجاھاندىن ئايرىلغان بۇ سارايدا ھەر پەيشەنبە كۈنى سىزنى كۈتۈۋېلىپ، جۈمە كۈنى ئۇزىتىپ قويغاندىن سىرت، بىرلا دېدەك بىلەن گويا قەپەزدىكى قۇشتەك ياشاۋاتىمەن. «جاھانىنەما» ئەينىكىدە كۆرۈنگەن كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولغىلى بولمايدىكەن.

— سىزنىڭ كىم بىلەن ھەمسۆھبەت بولغىڭىز بار ئىدى؟ مەن بۇ يەرگە سىزنى ۋە بىر دېدەكنى ئېلىپ چىقىشقا شەرت قىلغانىدىم.

— مەن سىز بىلەن ئۇنداق شەرتلەشمىگەنغۇ؟

— توغرا،—دەپتۇشاھزادە ۋە ئاتا-ئانىسى بىلەن بولغان ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مەلىكە ئاغرىنغاندەك بولۇپ:

— سىز ماڭا ئىشەنمەيدىكەنسىزدە؟!— دەپتۇ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، مەقسىتىم سىزنى يامان كۆزدىن ساقلاش.

— بۇ نىيىتىڭىزگە رەھمەت. مەن پايانسىز چۆللۈكتە ئەركىن تاقلاپ يۈرگەن ئاھۇدەك كەلكۈشادە يۈرۈپ ئۆسكەنىدىم. شۇڭا ماڭا قانات - قۇيرۇقى بوغۇپ تاشلانغان مېكىياندەك ياشايدىغان مۇنداق ھايات كېرەك ئەمەس.

— ئۇنداق دېمەڭ مەلىكەم، كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ.

— خوپ، شاھزادەم، سىزمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ.

— مەلىكەم، ئېيتىڭا، زادى كۆڭلىڭىزدە نېمە بار؟

مەلىكە شاھزادىنىڭ ئاغزىدىن دەل مۇشۇ سۆزنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن سىزنىڭ مېنى كېنىزەكلىرىڭىزدىنمۇ، زېمىندىنمۇ جۇدا قىلغىنىڭىزدىنمۇ ئاغرىنمايمەن، ئەمما بىر تەلىپىم بار، شۇنى بىجا كەلتۈرسىڭىز.

— تەلىپىڭىزنى ئېيتىڭ.

— مېنىڭ مەرھۇمە ئىنىكئانام تېپىپ بەرگەن بىر ھېكايىچى مومام بار ئىدى. ئۇ، دۇنيادىكى ھەممە ھېكايىلەرنى بىلەتتى، يەنە كېلىپ شۇنداق قاملاشتۇرۇپ سۆزلەيتتىكى، ئۇ سۆزلەۋاتقاندا بىزمۇ شۇ ھېكايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەك بولاتتۇق. ئۇ ھېكايىسىنى تېخى سۆزلەپ بولمىغانىدى. ئۇ تىككەندەك يالغۇز ئىدى. شۇ موماممنى ئەكەلدۈرۈپ بەرسىڭىز، قېرىغاندا ئاخىرقى ئۆمرىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈۋالسۇن.

— ھە، سىزمۇ بىر خىزمەتكار ئەپچىقماقچى ئىكەنسىز - دە، بوپتۇ، ئىككىمىزنىڭ بىردىن خادىمىمىز بولسۇن، مەن ئەتىلا شەھىرىڭىزگە ئادەم ماڭدۇراي.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتە-ئۆتمەيلا شاھزادە ھېكايىچى مومايىنى مەلىكىنىڭ ھوزۇرىدا پەيدا قىپتۇ. ئۇنىڭ يوغان بىر ساندۇقىنىمۇ بىللە ئەپچىقىپتۇ. موماي ئۆزىنى ئۇنتۇمىغان مەلىكىگە ۋە شاھزادىنىڭ خەيرىخاھلىقىغا كۆپتىن-كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. مومايغا ئايرىم بىر خانە راسلاپ بېرىلىپتۇ. ئەتىسى شاھزادە چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا مەلىكە ئۆزىنىڭ تەۋەرۈكتەك ئەتىۋارلىق بىلىپ كەلگەن بۇ ھېكايىچى مومىسىنى شاھزادىگە بىر تونۇتۇپ قويۇش مەقسىتىدە ئۇنى ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. موماي مۇنۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

«قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر ۋەزىرىنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق، زىبابوي، سۇمبۇل چاچ بىر خوتۇنى بار ئىكەن. بىر مەرىكىدە پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، نىيىتى بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن، ۋەزىرىنى بىر شەھەرگە ئىشقا بۇيرۇۋېتىپ، ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى پادىشاھنى ھۆرمەت تۆرىگە چىقىرىپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن قىزغىن كۈتۈپتۇ. لېكىن پادىشاھنىڭ غەرىزىنى پەملىگەندىن كېيىن، سەككىز دانە تۇخۇمنى پىشۇرۇپ، شاكىلىنى سەككىز خىل رەڭدە بوياپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئەپچىقىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ بۇ تۇخۇملارنى سويۇپ تېتىپ باققانىكەن، بۇ تۇخۇملارنىڭ شاكىلى سەككىز خىل رەڭدە بويالغان بولسىمۇ تەمى بىر خىل تۇرغۇدەك. ھەيران بولغان پادىشاھ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، ۋەزىرنىڭ خوتۇنى: شاھىم، بەزىلەر ئۇ ئايالغىمۇ، بۇ ئايالغىمۇ قانات سۆرەيدۇ. ۋەھالەنكى ئاياللارمۇ شاكىلى بويالغان مۇشۇ تۇخۇملارغا ئوخشاش خىلمۇ-خىل بولسىمۇ، تەمى بىر خىل، شۇڭا ئۇلار ئۆز قويىنىدىكى ھالال جۈپتى بىلەن قانائەتلەنسە بولمامدىغاندۇ؟—دەپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن ھەم تەسىرلىنىپ ھەم خىجىل بولۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ۋەزىرنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، شۇ چاغقىچە تۈمەنلىگەن گۈللەرنى يىرتقۇچ تىرنىقى بىلەن چەيلەپ ئاياغ-ئاستى قىلىپ كەلگەن ۋەھشى يولۋاستەك ھايۋان تەبىئەتلىك پادىشاھنىمۇ ناكەسلىكتىن چەتنىتىپتۇ.

جاھاندا ئەنە شۇنداق بىغەمچىلىك، ۋۇجۇدىغا كىر قوندۇرمىغان ئاياللارمۇ ئۆتۈپتىكەن» دەپ ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ مومای. شاھزادە بۇ ھېكايىدىن ھەم مومايىدىن مەمنۇن بوپتۇ. شۇندىن تارتىپ مەلىكىنىڭ چىرايىمۇ تولغان ئايدەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

مومای، دېدەك ئۆز ئىشى بىلەن بەنت چاغلاردا ياكى ئەپلىك پەيتى كەلگەندە، قولتۇقىغا سېلىۋالغان چۆجىنى قىسىپ مەلىكىنىڭ ئالدىدا قويىدىن چۇك-چۇك قىلىغان ئاۋاز چىقىرىدىكەن. مەلىكە دەسلەپتە بۇنىڭغا ئېتىبار قىلمىغان بولسىمۇ، بۇ ھال تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن بۇنى بىلىشكە قىزىقىپ قاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى:

— موما، چۇكۇلدىغان نېمە ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىزىم، بۇ توغرىدا ئادەم بار يەردە ئېغىز ئاچماڭ، مۆرىتى كەلگەندە سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ مومای. بىر كۈنى ئۇ كەچلىك تاماقتا دېدەكنىڭ تامىقىغا دارى بىھوش سېلىپ قويۇپتۇ. دېدەك بىر ئازدىن كېيىن ئۇخلاپ قاپتۇ. مومای مەلىكىگە ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋېتىپ يەنە چۇك-چۇك. . . قىلغان ئاۋازنى چىقىرىپتۇ. بۇنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ كەتكەن مەلىكە ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ.

— ۋاي ئاپئاق مەلىكەم، بۇ نېمە بولاتتى؛ چۇك-چۇك كېسىلىم، — دەپتۇ مومای.

— خۇدايا توۋا، ھېلىغىچە چۇك-چۇك كېسەل دېگەننى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — دەپتۇ مەلىكە تېخىمۇ ھەيران بولۇپ.

— شۇنداق، بۇنداق كېسەل ھەممىلا ئادەمدە بولمايدىكەن، كۆپىنچە خان ئائىلىسىدىكى گۈزەل ئاياللار مۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدىكەن.

— ئۇنداقتا، سىزمۇ خان ئائىلىسىدىنمىدىڭىز؟

— ياق مەلىكەم، مەن ھاللىق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنىدىم. بىراق ياش ۋاقتىمدا بەك چىرايلىق ئىكەنمەن. ئاشۇ گۈزەل چېھرىم ۋە كېلىشكەن قەددىم ئۆزۈمگە دۈشمەن بولۇپ، مۇشۇنداق چۇك-چۇك كېسەلگە دۇچار قىلدى.

— ئانىكا، ئادەمنىڭ چىرايىمۇ ئۆزىگە دۈشمەن بولامدىكەن؟

— ھوي قىزىم، — دەپتۇ مومای ئۇھ تارتىپ، رومىلىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى ئېرتقاندەك قىياپەتتە، — يالغۇز قىز بولغىنىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ چىرايلىق بولغىنىم ئۈچۈن ئاتام مېنى بىر ئېسىلزادىگە بەردى. ئېرىم مېنى جېنىدىنمۇ ئەتىۋار كۆرەتتى. ئۇن يىلغىچە ئېرىمدىن ۋە بىر نەچچە دېدەكتىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرمىدىم. ھەمىشە دېرىزىدىن سىرتقا قارايمەن. كېيىن ئاڭلىسام نۇرغۇن يىگىتلەر ماڭا ئاشىق بولۇپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار كېچە-كۈندۈز ئىشق پىراقىدا يىغلايدىكەن، ئاھ ئۇرىدىكەن، لېكىن مەن ئۇلار ماڭا نامە-نىشان كىرگۈزسىمۇ پەرۋا قىلمىدىم. يىللار ئۆتتى، «ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى» دېگەندەك ئۇلارنىڭ قان-ياشلىق ئاھى مېنى تۇتتى، — دەپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، چۇك-چۇك . . . ئاۋاز چىقىرىپ جىم بوپتۇ.

— كېيىن قانداق بولدى؟

— قانداق بولاتتى جېنىم مەلىكەم، ئۆز چېغىمدا كۆلۈمسەن، كېسەل بولغاندا كەتمەسمەن دېگەندەك بولدى. ئېرىم مېنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇندىن كېيىن مېنى سەرسان-سەرگەردانلىق گىردابى ئۆز قەھرىگە تارتتى، دەرد-ئەلەم باياۋاننى كېزىپ يۈردۈم. ھېلىمۇ ياخشى، ئېرىمنىڭ ئۆيى كىتابلار كانى ئىدى، مەن ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي ئۇ كىتابلارنى ئوقۇپ نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئۆگىنىۋالغان ئىكەنمەن، ئاخىر جان بېقىشىمغا شۇ ھېكايىلەر ئەسقاتتى. بىر كۈنى جاھانكەشتىلىك بىلەن سىزنىڭ شەھىرىڭىزگە كېلىپ قاپتىمەن. بىر مەھەللىدە ئوششاق بالىلارغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتقىنىمدا، رەھمەتلىك ئېنىكئانىڭىزغا يولۇقۇپ قالدىم، ئۇ مېنى مۇبارەك ئاستانىڭىزگە باشلاپ ھوزۇرىڭىزغا ئېلىپ باردى، ئىلتىپاتىڭىز بىلەن ئاسايىشلىقتا چىقىپ قالدىم.

— توۋا، جاھاندا مۇنداق ئىشلارمۇ بولىدىكەن-ھە؟ خۇداغا شۈكرى، مەن ئۇنداق

گۈزەل ئەمەس.

— قىزىم، — دەپتۇ موماي، — سىز ئۆزىڭىزنى گۈزەللەر قاتارىدىن چىقىرىۋەتسىڭىز، بۇ 18 مىڭ ئالەمدە گۈزەل يوق دېگەن گەپ ئەمەسمۇ؟ سىزنىڭ نۇرانە جامالىڭىز مۇشۇ سۇغا چۈشكەندە، ئۇنىڭدىن ئەكس ئەتكەن شولىدىن دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى گويا قۇياش يەرگە چۈشۈپ قالغاندەك باشقىچىلا يورۇپ كېتىدىكەن. بۇ نۇر ئۆز شەھىرىڭىزدىمۇ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرمىگەن دەيسىز؟

— موما، مەن ئۆز شەھىرىمدە ئاتا-ئانام، رەھمەتلىك ئىنىكئانام ۋە خاس كېنىزەكلىرىمدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمىگەن. كېيىن ئىنىكئانام سىزنى ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە ئېلىپ كەلگەندىلا سىزنى كۆردۈم. بۇ يەردىمۇ شاھزادە، سىز ۋە دېدەكتىن بۆلەك ئادەمزاتنى كۆرمىدىم، بەلكىم مەن باشقىلارغا ئىشق ئوتىنى يېقىشتىن خالىدۇرمەن.

— ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ مەلىكەم، — دەپتۇ موماي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، — ئۆز گۈزەللىكىڭىزگە ھوشيار بولمىسىڭىز ئۇ سىزگە شۇنداق بىھېساب دەرد-ئەلەملەرنى كەلتۈرگەيكى، رودىپايدەك چاپلىشىۋالغان مەرەز كېسەللىكلەرنى ھەر قانچە قىلىپمۇ بەدىنىڭىزدىن سىلكىپ چۈشۈرۈۋېتىشكە ئامالسىز قالغايسىز. مەن بۇ قېتىم خىزمىتىڭىزگە مۇشەررەپ بولۇش ئىشتىياقىدا يولغا چىقىش ئالدىدا چارىباغىڭىزنى بىر ئايلىنىپ چىقتىم. شۇچاغدا چارىباغىڭىزنىڭ تېمى تۈۋىدە بىرسىنىڭ سىنەسىنى يەرگە يېقىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بېرىپ قارىسام بىر ياش يىگىت ئىكەن. ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغانىدىم، ئۇ ماڭا: «بىر پەرى پەيكەرنىڭ قوشۇمىسىدىن ئېتىلغان ئوق مېنى يىقىتتى، مەن ئۇنىڭ ۋىسالىدىن شىپا ئىزلەپ، ئۇنىڭ مۇبارەك قەدەم ئىزى چۈشكەن تۇپراقنى تاۋاپ قىلىپ يېتىپتىمەن. . .» دېدى، بۇ سىر ئاندىن ئايان بولدى.

— قانداق سىر؟

— قانداق سىر بولاتتى قىزىم، ئۇ يىگىتنىڭ چارىباغىڭىزنىڭ تېمى ئاستىدا خاكسار بولۇپ ياتقانلىقىدىن ئۇنىڭغا ئىشق ئوتىنى ياققان سىزدىن باشقا بىرسى ئەمەس دېگەن قارارغا كەلدىم، — دەپ، موماي قولتۇقىنى قاتتىق قىسقانىكەن، بايىقى چۆك-چۆك ئاۋاز «ئاسمان سارايى» سەھنىسىنى بىر ئاپتۇ. مەلىكە ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن مومايغا قاراپ:

— قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپتۇ.

— مېنىڭمۇ بېشىم قېتىۋاتىدۇ قىزىم، بىلىشىمچە سىزگە ئاشىق بولغانلار ئاز ئەمەس، بىرەرسىگە بولسىمۇ مەرھەمەت كۆزىڭىز بىلەن قاراپ قويمىسىڭىز سىزنىڭمۇ مەندەك چۆك-چۆك بولۇپ قېلىشىڭىز چوقۇم.

مەلىكە تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا پېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— موما، ئۇنداق بولسا، ھېلىقى سىزگە ھال ئېيتقاندىن خەۋەر ئالساق بولامدىكىن.

— توغرا دېدىڭىز جېنىم قىزىم.

— بىراق ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ خەۋەر ئالىمىز؟ — دەپتۇ مەلىكە.

— قىزىم، ئۇ يىگىتنى سىزنىڭ قېشىڭىزغا كېيىن ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزۈم بىللە ئېلىپ كەلگەنىدىم. كەل ئاپئاق قىزىم، ئۇنىڭ ھالىغا يەت، مۇبارەك جامالىڭ بىلەن دەردىگە دەرمان بول، ئۇنىڭ يۈرەك جاراھىتىگە يۇمشاق تېنىڭنى مەلھەم قىلىپ ياق، لالە لېۋىڭنى لېۋىگە يېپىشتۇرۇپ، ئىسسىق تىنىقىڭ بىلەن ئۇ بىچارىنىڭ نىمجان ۋۇجۇدىغا جان ئاتا قىل!...، — دەپ مەلىكىنى ئۆز بۆلمىسىگە باشلاپ كىرىپ، ساندۇقنى ئېچىپتۇ...

ئەمدى باشقا يەردىن ئىككى كەلىمە سۆز ئاڭلايلى. مەلىكىنىڭ ئېرى بولمىش شاھزادە بىر پەيشەنبە كۈنى «ئاسمان قەسرى»گە چىقىپ كېتىۋېتىپ، دەريانىڭ نېرىقى قېتىدىكى ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىرەك بىر جايدا ئېقىۋاتقان سۇ بويىغا قىلىچ ئاسقان، قالقان كۆتۈرگەن، ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر ئاتلىق ئادەمنىڭ كېلىپ توختىغانلىقىنى

www.uyghurkitab.com

كۆرۈپ قاپتۇ - دە، كۆڭلىدە: «بىزگە دۈشمەن باستۇرۇپ كېلىۋاتامدۇ - نېمە، بۇ ئادەم ئالدىن ئەۋەتىلگەن چارلامچى - خەۋەرچى بولمىسۇن يەنە» دەپ ئويلاپ، دەرھال كەينىگە يېنىپ ئورمانلىققا چۈشۈپ، ھېلىقى ئاتلىق پەيدا بولغان جايغا يېقىنراق بىر يەرگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئادەم ئاتتىن بىر كۆرپىنى ئېلىپ يەرگە سالغاندىن كېيىن ئات ئۈستىدىكى خۇرجۇننى ئېلىپ، خۇرجۇندىن بىر ساندۇقچىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىكەن، ساندۇقتىن 17 — 18 ياشلاردىكى بىر قىز چىقىپتۇ. قىزنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ئورمانلىق يورۇپ كەتكەندەك بوپتۇ. قىز دەرھال سەپەر ئوچىقىنى قۇرۇپ، چۆگۈنگە سۇ ئېلىپ ئېسىپ، ئوتۇن تېرىپ ئوت قالاپ چاي قاينىتىپتۇ. ئۇلار تۈرلۈك نازۇ - نېمەتلەر بىلەن چاي ئىچىشىپتۇ، «بەزمە» قۇرۇپتۇ، ئاندىن ئۇ ئادەم قىزنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپتۇ. قىز يانچۇقىدىن بىر نېمىنى ئېلىپ ئۇ كىشىنىڭ بۇرنىغا بىر دەم تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىدىن ئېلىپ يەرگە قويغانىكەن، ئۇ كىشى ھېچنېمىنى تۇيماي ئۆلۈكتەك قېتىپ يېتىۋېرىپتۇ. قىز ئۆزى چىققان ساندۇقتىكى كىيىمى ئارىسىدىن بىر قۇتىنى ئېلىپ ئاچقانىكەن، قۇتىدىن نەۋقىران بىر يىگىت چىقىپتۇ. قىز ئۇنى ئوزۇقلاندۇرغاندىن كېيىن ئىككىسى ئەتراپنى بىر دەم سەيلە - تاماشا قىپتۇ. ئاندىن مۇھەببەت چۈشىكىدە ئېغىنىشىپ بىر تەن - بىر جان بولۇپ كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن قىز: «ئۇنىڭ ھوشىغا كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالاي دېدى» دەپ يىگىتنى قۇتىغا كىرگۈزۈپ ساندۇققا جايلاشتۇرغاندىن كېيىن ئاۋۋالقىدەك ھېلىقى كىشىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادىدە ھەر خىل خىياللار پەيدا بوپتۇ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېكايىچى موماي، ئۇ ئېلىپ كەلگەن يوغان ساندۇق لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ - دە، ئۇنىڭ كاللىسىدا: «ئېھتىمال مەلىكەممۇ تەنھا ئەمەس» دېگەن گۇمان چاقماق تېزلىكىدە پەيدا بوپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئۇخلاپ ياتقان كىشى بىر چۈشكۆرۈپ ئويغىنىپتۇ - دە، سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالمان - تالمان قىزنى ئەسلى جايىغا بەنت قىلىپ، لاقا - لۇقىسىنى ئاتقا ئارتىپ، ئۆزەڭگىگە پۇتىنى قويۇشىغا تۇيۇقسىز:

— ھەي ئەزىز مېھمان، توختاڭ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ كىشى ئەندىشىگە چۈشكەندەك ئەتراپىغا ساراسىملىق قاراشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا شاھزادە دەرەخلەر ئارىسىدىن چىقىپ ئۇ كىشىگە سالام بېرىپتۇ. يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك پەيدا بولغان بۇ ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران بولغان يولۇچى:

— سالامەت بول يىگىت، مېنىڭ ئالدىمغا قەيەردىن كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپتۇ.

— كۆڭۈل - كۆكسۈمنى ئېچىش ئۈچۈن ئورمانلىق ئىچىدە ساياھەت قىلىپ يۈرگەنىدىم، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ساڭا يولۇقۇپ قالدىم.

— مەندە ئىشىڭ بولمىسا يولۇمنى ئېچەۋەت، مەن ماڭاي.

— ئاكا، — دەپتۇ شاھزادە، — مەن مۇشۇ مەملىكەت شاھىنىڭ ئوغلى بولىمەن. سېنى قەسىرخانەمگە بىر پىيالە چايغا تەكلىپ قىلماقچىمەن. چۈنكى سەن بۇ يەرلىك ئەمەستەك قىلىسەن، بىزنىڭ تۇپرىقىمىزغا قەدەم قويغانىكەنسەن، سەن بىزگە مېھمان.

— مەن بارالمايمەن. مەنزىلىم يىراق، يولۇمدىن توسما.

— ئادەمگەرچىلىك بىلەن تەكلىپ قىلىنغان چايغا بارماسلىق ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ، ھۆرمەتسىزلىك دوستلۇقنى بۇزىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يولۇچى نائىلاج ماقۇل بوپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ ئېتىنى ئوتلاش ئۈچۈن ئورمانغا قويۇپ بېرىپ، ئۇ كىشىنى خۇرجۇنى بىلەن قەسرىگە ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈپتۇ. تۈننى قىزىق پاراڭلار بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن شاھزادە مەلىكىگە چۈشلۈك تاماقنى سەككىز كىشىلىك تەييارلەتىشنى بۇيرۇپتۇ. تاماق تەييار بولۇپ داستىخانغا سەككىز تەخسە تاماق قويۇلۇپتۇ. شاھزادە ئۈچ تەخسە تاماقنى مېھماننىڭ ئالدىغا، ئىككى تەخسە تاماقنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، بىر تەخسىنى ئۆز ئالدىغا تارتىپتۇ. موماي بىلەن دېدەكنىمۇ ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى تەخسە تاماقنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن:

— قېنى، قىممەتلىك مېھمانلىرىم، ئىغزىغا بېقىڭلار! — دەپ ھەممەيلەننى تاماققا تەكلىپ قىپتۇ. بۇنىڭدىن تەئەججۇپلەنگەن مېھمان:

— شاھزادە بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، قىزىقچىلىق قىلىۋاتامسىز، بىر جېنىمغا ئۈچ تەخسە تاماقنى قانداق يەيمەن؟ — دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— ئىگىسى بار، — دەپتۇ شاھزادە ۋە، — ئەي مېھرىبانىم، سەنمۇ مەن ئويلىغاننى ئويلىغان ئىكەنسەن، ئەپسۇسكى سەن ئۆزۈڭدىنمۇ ئۇستا سېھىرگەرنىڭ بارلىقىنى ئويلىماپسەن، رەنجىمەي خۇرجۇنىڭدىكى ساندۇقتا ياتقان مەھبۇبەڭنى چىقار، ئۇمۇ ماڭا مېھمان، ئىزالانسۇن.

بۇنى ئاڭلىغان مېھماننىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ. چۈنكى ھېچكىم بۇ سىردىن خەۋەردار ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە شاھزادىنىڭ سېھىرگەر توغرىسىدىكى سۆزى ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويۇپتۇ. لېكىن ئۇ «شاھزادە ئۇرمانلىقتا بۇ مەخپىيەتتىن خەۋەردار بولغانىكەن-دە» دەپ ئويلاپ ئىلىك - پىلىك قىلماي خۇرجۇنىدىن ساندۇقنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى قىزنى چىقىرىپتۇ. شاھزادە مېھماننىڭ ئالدىدىكى ئۈچ تەخسە تاماقتىن بىر تەخسىسىنى قىزنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئاندىن قىزغا:

— ساندۇقتا سەن بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان يىگىتنى قوتىدىن چىقار! — دەپ ئەمىر قىپتۇ. قىز قورققىنىدىن چىرايى سامانىدەك سارغىيىپ، ئەزايى - بەدىنى غال - غال تىترەپ كېتىپتۇ. ئەمما نېمە ئىلاج، ئۇ يىگىتنى چىقىرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن مېھمان غەزەپتىن قويۇقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ قىلىچىنى غىلاپىدىن سۇغۇرۇپ ئۇلارنى چېپىپ تاشلىماقچى بوپتۇ. شاھزادە ئۇنى توختىتىپ:

— ئەي پالۋان، نامەردلىك قىلما، ئۆزۈڭ كۆتۈرۈپ يۈرگەندە گەپ قىلماي، ماڭا مېھمان بولغاندا تىغ كۆتۈرسەڭ دۇرۇس بولماس! — دەپتۇ. ئاندىن ئۆز مەلىكىسىگە قاراپ، — سەنمۇ ئېلىپ چىق! — دەپ خىتاب قىپتۇ. لېكىن مەلىكە مىدىر قىلماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. غەزىپى قايناپ تاشقان شاھزادە، — مەن ساڭا بۇيرۇق قىلىۋاتىمەن، قوپ ئورنىڭدىن! — دەپ قولى بىلەن نوقۇغانىكەن، مەلىكە ئولتۇرغان جايىغا يىقىلىپتۇ. چۈنكى ئۇ مېھماننىڭ ئالدىغا ئۈچ تەخسە تاماق قويۇلغانلىقىنىڭ سىرى ئېچىلىش بىلەن ئۆز ئالدىغا ئىككى تەخسە تاماق قويۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ، قورققىنىدىن ئاللىقاچان جېنى قەپىزدىن چىقىپ كەتكەنىكەن. شاھزادە قېرى دەللىگە ئىشارەت قىپتۇ. دەللە تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۆزىگە بېرىلگەن خانىدا ھېلىقى چوڭ ساندۇقتا ساقلاۋاتقان سودىگەر زادىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دېدەك ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي، ھەيرانۇ-ھەسلىك ئىچىدە:

— ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە ئالامەت، بۇ نېجىس مەخلۇقنى ئەجەب كۆرمەپتىمەنغۇ، بۇ ئەپلاس دەللە مېنىڭ كۆزۈمنى باغلاپ قويغانمۇ - نېمە؟ ... — دەپ تەھلىكىگە چۈشۈپ قاپتۇ. شاھزادە:

— چۈرەم، سەن گۇناھسىز، پەلەكنىڭ مانا مۇشۇنداق كارامەت ئويۇنلىرى بار، — دەپ ئۇنى تىنچلاندۇرۇپتۇ. دەل شۇ پەيتتە يولۇچى ئۆز خوتۇنى بىلەن ئۇنىڭ ئويىنىشىنى ئىككىلا قولتۇقىغا قىسىپ قەسرنىڭ چۆرىسىگە قويۇلغان تۆمۈر سالاسۇن تەرەپكە مېڭىپتۇ. شاھزادە:

(ئاخىرى 38 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# باھار قىزلىرى



(ھېكايە)

**سەئىد ئەھمەد** (سوۋېت ئىتتىپاقى)

شەھلا قەيەرگە بارسا، ئەلۋەتتە كۆلكە بولىدۇ. ئۇ «يېڭىئاۋات» كولخوزىغا مېخانىزاتسىيە بويىچە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ بەلگىلەنگەندە يىغىن ئەھلى تەڭلا كۈلۈۋېتىشتى. ئەمما بۇ كۈلكىلەر شەھلاغا ھېچ تەسىر قىلمىدى. ھەتتا قېشىنىڭ بىر ئۇچىمۇ مىدىرلىمىدى.

نېمىشقىكى، ئۇ بۇنىڭدىن ئاۋۋال ئوبلاست بويىچە ئەڭ قالاق «كاتتەچەك» كولخوزىغا بەلگىلەنگەندە بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولغانىدى. مەجلىستە ئىسمى كۆرسىتىلگەندە ئادەملەر «ئۆزىنى بىر كۆرەيلى» دېيىشتى. شۇ چاغدا كۆپچىلىك ئارىسىدىن چاچلىرى ئېگىز قىلىپ تۈرۈلگەن، لەۋلىرىگە قىزىل سۈرۈلگەن، قۇلىقىدا ئۈزۈك، مارجان نۇسخىدا زىرە پارقىرىغان، قېشى قارىلىغاچ قانىتىدەك ئىنچىكە بىر





قىمز ئورنىدىن تۇردى. بۇ مانا هازىرلا مېخانىزاتسىيە بويىچە مۇئاۋىن رەئىس ۋەزىپىسىگە ئىسمى كۆرسىتىلگەن شەهلا قادىردۇا ئىدى. زال ئىچى كۈلكىدىن لەرزىگە كەلدى، ئۇ يەر-بۇ يەردىن پىچىرلاشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئىشلىرىمىز «باهار» ① ئانسامبىلىغۇ!

— كولخوزىمىز غۇخەلق ئارتىسى يارىشىدۇ.

— كۈندۈزى كولخوزدا ئىشلەپ، كەچقۇرۇن تېلېۋىزوردا دىكتورلۇق قىلسا - هە!

—بالىت كۇرۇپپىسىنىڭ رەهبىرىمۇ؟

رەئىس پىچىرلاشلارنى ئاران باستى. ئەمما شەهلا ئولتۇرمىدى، ھەممە ئادەمنىڭ ئالدىدا مىدىر قىلماي تۇرۇۋەردى.

كولخوزدا دېموكراتىيىگە ئەمەل قىلماي زادى بولمايدۇ. شەهلانىڭ ئىسمى ئاۋازغا قويۇلدى.ئەگەر بىر ئاۋاز بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكە ئۆتكەندە شەهلا چامادانىنى كۆتۈرۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولاتتى. ئەمما 51 پىرسەنت ئاۋاز بىلەن شەهلا مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

ئىرىنى كۈنلەيدىغان ئايىاللار ئەلۋەتتە قول كۆتۈرۈشمەيدۇ. قېرىلارمۇ، يىگىت - قىزلارمۇ قول كۆتۈرۈپ ئۇنى قوللاشتى. «كاتتەچىك»دېمۇخۇددى شۇنداق بولغانىدى. ئۇيەردە52 ئاۋازبىلەنئۆتكەن.ئاشۇ كۈلگەنلەر، .شەهلا بۇياققا ماڭغاندا، قېلىڭ دەپ خېلى يېلىنغان.

ئەتىسى رەئىس راهمان ئاكا شەهلانى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، نەسىهەت قىلدى:

— قىزىمدەك قىزسىز، سەنلەپ سۆزلەۋېرىمەن. ئەمدى مۇنداق قىلساق، ماۋۇ پاخپايغان چاچلارنى ئادەم سىياقىدا ئۆرۈۋال، بۇ بىر، يۈزۈڭدىكى بوياقلارمۇ سەل ئېچى بىلەن بولسۇن. تۈنۈگۈنكى توپىلاڭنى كۆردۈڭمۇ، يېزىدا بۇنداق نەرسىلەرنى بازار كۆتۈرمەيدۇ.

شەهلا كۈلدى.

— بازار كۆتۈرىدىغان قىلىمىز. بىرىنچىدىن، بۇنداقلار يالغۇز ئۆزۈم بولغۇنۇم ئۈچۈن باشقىچە كۆرۈنىۋاتىدۇ، كۆپەيگەندىن كېيىن كۆزۈڭلەرگە سىغىپ قالىدۇ.

رەئىسنىڭ «ياپىر» دەۋەتكىلى تاس قالدى. بۇ قىز نېمە دېمەكچى، ئۆزۈمگە ئوخشىغانلارنى شۇ يېزىدا يېتىشتۈرىمەن دېمەكچىمۇ، بېشىمغا بۇ بالانى نەدىن تېپىپ كەلدىم؟

شەهلانىڭ يېزا ئىگىلىكى ئىنىستىتۇتى مېخانىزاتسىيە فاكۇلتېتىنى تۈگەتكىنىگىمۇ تۆت يىل بولدى. ئۇ، تا ئوقۇشقا بارغىچە «يېڭى يول» دىكى كولخوزدا تراكتور هەيدىگەن. بىر ئوبدان يەر هەيدەپ، بىر ئوبدان كۈلتىۋاتسىيە قىلغان. ئىش ۋاقتىدا قارا مايغا مىلەنگەنى بىلەن كەچقۇرۇن ئارتىسلاردەك بولۇۋېلىپ ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىدە ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى.

شەهلا رەئىس ئاقساقالنىڭ نەسىھىتىگە ئۈنچىقماي قۇلاق سېلىپ تۇردى - دە، ئاخىر كۈلۈمسىرەپ، بۇ تەرەپچە بىر گەپ بولار، دېگەندەك قىلىپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسىگە ئۇ، ئىشنى كولخوزنىڭ رېمونت ئىشخانىسىدىن باشلىدى. ئۈچ - تۆت تراكتورچى قارا مايغا مىلىنىپ تۆمۈر - تەسەك ئارىسىدىن نېمىنىدۇر ئىزدىشەتتى. شەهلاپىكاپىنى ئۆزى هەيدەپ كەلدى. ئۇهامان ئاشۇ پاسۇنىنى بۇزمىغان، ئاتايىن قىلغانمۇ، ئۇپىنى كۆپرەك ياققانىدى.

تراكتور تېگىدە ئوڭدا يېتىپ ئىشلەۋاتقان مېخانىزاتور يوغان بىر ئەسۋابنى پۇتى بىلەن سۈرۈپ، كېيىن ئۆزى چىقتى.

— هە، ئاچا، كېلىڭ، بىزنى تېلېۋىزورغا ئالامسىز؟

شەهلا ئۇنىڭ سۆزىگە يارىشا جاۋاب بەردى:

— «باهار» ئانسامبىلىغا يېزىلدىم دەۋېرىڭلار، قېنى كېلىڭلارچۇ، رېپېتىتسىيە قىلىشنى باشلايمىز.

يىگىتلەر ئۆزلىرىنى ئۇنىڭغا يارىتىش ئۈچۈن، ھەممىسى ساقال باسقان ئېڭەكلىرىنى خىجالەت بىلەن سىلاشتى، باشلىرىدىن كىر دوپپىلىرىنى ئېلىپ باشقىدىن كىيىشتى، شەپكىلىرى بىلەن كىچىك ئورۇندۇقنى

① «باهار» ئانسامبىلى كۆزدە تۇتۇلغان.

uyghurkitap.com

ئېرىتىپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— يولدا ئېرىققا پېتىپ ياتقان تراكتور كىمنىڭكى؟

شەھلاغا كىچىك ئورۇندۇق قويۇپ بەرگەن يىگىت ئالدىراپ جاۋاب بەردى:

— سادىقنىڭكى. تۈنۈگۈن ئەتىگەن پېتىپ قالغانىدى.

ساقىلى ئۆسۈپ كەتكەن يىگىت خىجالەتچىلىك بىلەن دېدى:

— ماۋۇ نېمىلەرگە تارتىشىپ بېرىڭلار دېسەم زادى ئۇناشمىدى. بىزگە قارىشىپ بەرسەڭ تارتىشىپ بېرىمىز، دېيىشتى، بۇلارغا يارەملىشىۋاتىمەن.

— قېنى بېرىڭ. ھازىرلا ئۆزىڭىز چىقىرىۋېلىپ كېلىڭ.

— ئوت ئالمايدۇ. ئاران - ئاران شۇ يەرگە ھەيدەپ كەلگەنمەن.

شەھلا پىكاپىغا كىرىپ پوپايكىسىنى تاشلىدى - دە، گېزىتكە ئوراقلىق قارا خالاتىنى كىيىپ، چىقىپ كەتتى.

يىگىتلەر ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپقېلىشتى.

— بارمامسەن كەينىدىن؟—دېدىسادىققاھەمراھلىرى.

— ئايپاشانىڭ ئىشلىرىنى بىر كۆرۈپ قويايلى. ھامىنى ماڭدۇرالمايدۇ، لەت بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ.

ئارىدىن يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى. تراكتورنىڭ گۈركىرىشى ئاڭلانمايتتى. بىر ئازدىن كېيىن تراكتور پەت-پەت قىلىپ ئۆچتى.

— بەرىبىر ماڭمايدۇ، — دېدى سادىق.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ماتور كۈچلۈك گۈركىرىدى. شۇ گۈركىرىگىنىچە 10 — 15 مىنۇت گۈركىرەپ تۇردى. بىر - ئىككى دەقىقىدىن كېيىن رېمونتخاناتاملىرى كەينىدىن قاراتۇتۇن بېسىپ كەلدى. سادىقنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. تېراكتور تۆمۈر دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەندە، ھەممىسى ھويلىدا غىڭ قىلماي قاراپ تۇرۇشاتتى.

شەھلا تېراكتورنى سېدە تۇتقىچە ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن سەكرەپ چۈشتى. ماتور ھامان ئىشلەپ تۇراتتى.

— قانداق، بولامدىكەن؟

سادىق خىجالەتچىلىكتىن يەرگە قاراپ، ئېڭىكىنى قاشلىدى.

— ئادەم قانداق بولسا، ئىش ئەسۋابىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ماتور چاڭ - توپا ئارىسىدا قاپتىمۇ. ساقىلىڭىز ئۆسۈپ كەتكىنىدىن بۇ تراكتورنىڭ سىزنىڭكى ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىم. ماتور قىزىغاندىن كېيىن ئىككى چېلەك سالىياركا بىلەن يۇيۇڭ. يېڭى «ۋولگا»دەك پارقىرىمىسا، بالىتقا چۈشۈشنى ئۆگىتىپ قويىمەن، شۇنى بىلىپ قويۇڭ.

شۇنىڭدىن كېيىن شەھلا بىر چاقى چىقىرىلىپ، ئۇنى كۆتەككە يۆلەپ قويغان تراكتورنىڭ يېنىغا كەلدى.

— نېمە بوپتۇ؟

— ئوقى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ.

— ئىست، شۇنچە قىممەت ئەسۋاب. ئۇ ماي دېگەن نەرسىنى كۆرمىگەن. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۈزۈلۈپ كەتكەن. ماڭا قاراڭ.

بايا شەپكىسى بىلەن كىچىك ئورۇندۇقنى تازىلىغان يىگىت يۈگۈرۈپ ئالدىغا كەلدى.

— شىمىڭىزنىڭ پۇشقىقىنى كۆتۈرۈڭ. مەن سىزگە سۆزلەۋاتىمەن.

شەھلا يىگىتنىڭ پاقالچىقىنى كۆرسەتتى.

— مانا شۇ يەردە ئىلىك بار. ئەگەر ئىلىك بولمىسا، ئىككى كۈندە پۇتىڭىز تۈگىشىپ كېتىدۇ، بىلدىڭىزمۇ. ماشىنىمۇ شۇ. ماي ماشىنىنىڭ ئىلىكى. ئۆزىڭىز ماي يەيسىزۇ، ماشىنىغا ماي بەرمەيسىز. سىلەرگە بەش كۈن مۇددەت بېرىمەن، شۇ بەش كۈندە ھەممە تراكتورلارنى تازىلاپ، سۈرتۈپ ماۋۇ يەرگە تىزىپ قويىسىلەر. ئەگەر مۇددەتتىن بىر كۈن ئۆتسىچۇ، ھەيئەتكە قويۇپ بالىتقا چۈشۈرىمەن.

ئۇ شۇنداق دېدىيۇ، قارا خالاتىنى يېشىپ پىكاپ ئىچىگە تاشلىدى - دە، پىكاپىنى ھەيدەپ چىقىپ كەتتى.

كۈن بويى بىر - بىرى بىلەن سۆزلەشمەي، قارا مايغا مىلىنىپ، تۆمۈر - تەسەكلەرگە پېتىپ ئولتۇرغان يىگىتلەرنىڭ كۆكسىگە بىر سالقىن شامال تەگدى-يۇ يەنە غىر قىلىپ، نېرىقى چارباغقا ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى.

تۈنۈگۈن بۇ قىزنى ئادەملەر نېمىلەرنى دېيىشمىدى، پەردىزى ھەققىدە بىر تالاي گەپ بولدى، چېچى ھەققىدىمۇ بىر تالاي گەپ بولدى. بۈگۈن ئاشۇ گەپلەرنىڭ بىرەرى ئېسىگە كەلمىدى. سادىق ئېزىلىپ كەتكەن پاچكىدىن «بېلومور» تاماكىنى ئېلىۋېتىپ جىددىي ھالدا دېدى:

— بالانىڭ ئوقىغۇ، بۇ قىز. مەن بولسام ئۇنداق . . .

ئىككى كۈن دېگەندە ئۈچ كىشى رەئىسكە شەھلانىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ كەلدى.

يەر تۈزلەش ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان شاپ بۇرۇت كىشى شەپكىسىنى ئۈستەلگە ئۇردى.

— خوتۇن كىشىگە باش ئېگەمدىمەن!

— نېمىشقا؟ — دېدى رەئىس قىزىقىپ.

— نېمىشقا - پېمىشقىسى يوق! ئومۇمەن ئېيتىۋاتىمەن.

رەئىسنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بار ئىدى. يەر تۈزلەش ماشىنىسىنى ھەيدىگۈچى ماشىنىنى يول تۆپىسىدە توختىتىپ، سۆگەت ئاستىدا ئۈچ - تۆت يولۇچى بىلەن قارت ئويناۋاتقانىكەن، شەھلا كېلىپ، قوپۇڭلار، ئىشىڭلارنى قىلىڭلار دېسە، ئۇ، ماڭ بۇيرۇقۇڭنى ئۆزۈڭگە ئوخشىغان سەتەڭلەرگە قىل، دەپتۇ، شۇ ۋاقىتتا شەھلا ئوتتۇردىكى قارتلارنى يۇلۇۋېلىپ پارچە - پارچە قىلىپ يىرتىپ تاشلاپتۇ. شاپ بۇرۇت ئۇراي دېسە، خوتۇن كىشى، ئۇرمىسا غەزىپىنى قانداق بېسىشنى بىلمەي ئاچچىق بىلەن:

— ئالە، ئال، يەر تۈزلەش ماشىناڭنى ئاناڭغا بەر! — دېگىنىچە ئىش كىيىمىنى مۈرىسىگە ئارتىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭغانىدى.

شەھلا ئۆزى يەر تۈزلەش ماشىنىسىنىڭ كابىنكىسىغا ئولتۇرۇپ كەچكىچە يەر تۈزلەپ كەچقۇرۇن ماشىنىنى ئۆزى گاراژغا ھەيدەپ كەلدى.

رەئىس بولۇۋاتقان بۇ ئىشلاردىن تولىمۇ زوقلىناتتى. ياش تۇرۇپ، قىز بالا تۇرۇپ ھەممىنى جاي - جايىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى. رەئىس بۇ گەپ ئاڭلىماس مېخانىزاتورلارغا قاتتىق سۆز قىلمايتتى. قىسقىسى، ماشىنا ئەھلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن مېخانىزاتورلار بىلەن سەل يېلىنغاندەك گەپلىشەتتى. بۇ شەھلا دېگىنى بالا - قازانىڭ ئۆزى، بىلمەيدىغىنى يوق. ماتورنىڭ ئاۋازىدىن قەيىرى ناچار ئىشلەۋاتقىنىنى بىلىدۇ. ئەرلەرگە قاتتىق-قاتتىق سۆزلەۋېرىدۇ. قىزبالا بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ.

رەئىس شەھلادىن شىكايەت قىلىپ كەلگەنلەرگە بىر خىل جاۋاب قىلاتتى.

— ئۆزى بىلەن سوزلىشىڭلار، تۆمۈر - تەسەككە ئائىت ئىشلارغا مەن ئارىلاشمايمەن، ياخشىسى، ئۆزۈڭلار سوراپ ئالدىغا بېرىڭلار.

10 — 15 كۈندىن كېيىن ئادەملەر رەئىسكە ئەرز قىلىشنىڭ پايدىسى يوق ئىكەن، ياخشىسى، بۇ جاھىلنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش كېرەك، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى.

ھەممە خەققە: شەھلا قىزىم ياشىسۇن، مېخانىزاتسىيىدىن مېنى خاتىرجەم قىلىۋاتىدۇ دەپ يۈرگەن رەئىس ئاقساقالنىڭ ئۆزى ئاز ئۆتمەيلا ۋاي دەپ قالدى.

شەھلا بىر كۈنى رەئىسنىڭ ئالدىغا كېلىپ رېمونتخانىغا بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

— بىر مۇنچە كەمچىلىكلەر بار. ئاشۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئولتۇرۇپ قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىر مەسلىھەتلەشسەك، — دېدى.

رەئىس ماقۇل بولدى. ئىككىسى رەئىسنىڭ «ۋولگا» سىدا رېمونتخانىغا مېڭىشتى. شوپۇردىن ئىلتىماس قىلىپ پىكاپنى ئۆزى ھەيدىدى.

— سىز بۈگۈن دەم ئېلىڭ، ئۆزۈم شوپۇرلۇق قىلىمەن.

ئۇلار رېمونتخانىغا كېلىشكەندىن كېيىن شەھلا سادىقنى چاقىرىپ، ئىشارە قىلىپ قويدى.

— بۇنىڭ ماتورى پالاقلاۋاتىدۇ، چىقىرىپ

تازىلاڭلار.

رەئىس بىلەن شەھلا ئىككى سائەتچە ئىچكىرىدە تالاش - تارتىش قىلىپ نېمىلەرنىدۇر سۆزلىشىشتى، نېمىلەرنىدۇر تىزىملاشتى. رەئىس خېلىغىچە ئۇنىماي تۇرۇپ ئاخىر تىزىملىك ئۈستىگە «باش بوغالتىر. بېرىلسۇن.» دەپ قول قويدى. كېيىن سىرتقا چىقىشتى. ئۇلار ئىچكىرىدە ئىش پۈتتۈرگىچە سادىق «ۋولگا»نىڭ ماتورىنى چىقىرىپ، يەرگە چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ.

— ھە، بۇ قانداق بولغىنى؟ — دېدى رەئىس ھەيران بولۇپ.

شەھلا دەرھال دېدى:

— شوپۇرىڭىزغا ئېيتىڭ، ھارۋىڭىزنى سۆرەپ ئېلىپ كەتسۇن.

— نېمىشقا؟ — دېدى ھەيران بولۇپ رەئىس.

— بۇ ماتورنى تېرىم ماشىنىسىدىن ئېلىپ قۇراشتۇرۇۋالغانىكەن، جايىغا قويۇۋاتىمىز. سىز ئۆز ماتورىڭىزنى تېپىۋالارسىز.

رەئىس قىزىرىپ كەتتى. بۇرۇتىنىڭ بىر ئۇچى تەۋرىدى. ئۇرۇشاي دېسە ئادەملەر بار. ئىككى رەئىس چىقىشالمايدىكەن دېگەن گەپ - سۆز بولىدۇ.

—ياخشى قىلماپسەن، قىزىم،— دېدى ئاستا.

—تېرىم ماشىنىسىدا توخۇلار چۈجە چىقىرىۋاتىدۇ، سىز ماتورنى چىقىرىۋاپسىز، شۇنچە قىممەت باھالىق نەرسە، ئۇۋال ئەمەسمۇ!

رەئىس ئۈنچىقماستىن ئاچچىق بىلەن چىقىپ كەتتى.

تىراكتورچىلار رەئىس بىلەن يۈزمۇيۈز ئېلىشقان بۇ قىزغا ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇشاتتى.

بۇ، رەئىس بىلەن بىرىنچى توقۇنۇش ئىدى. ئىككىنچى توقۇنۇش رەئىسنىڭ ئۆيىدە بولدى. ئوبلاستتىن ۋەكىل كەلگەنىدى. رەئىس ئۆيىگە پولۇ ئېتىشنى بۇيرۇدى. شەھلانىمۇ تەكلىپ قىلدى. شەھلا مېھمان ئالدىدا رەئىس ئاقساقال بىلەن خوتۇنىنى تازا باپلىدى.

— بۇ قانداق بولغىنى، مۇزلاتقۇنى ياتىدىغان ئۆيگە قويۇپسىز؟!

—شۇنچە قىممەت نەرسە، نەرخىدە قاراپ جاي تاللايدۇ - دە.

—ماۋۇ ئومىۋالنىكمۇ ئۆيىنىڭ تۆرىدىكەن. بۇ دەخلىسىز تۇرۇشى كېرەك.

رەئىس مېھمان ئالدىدا بەكمۇ ئىزا تارتتى. ئىككىنچىلەپ ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلمايدىغان بولدى. لېكىن مېھمان كەتكەندىن كېيىن، مۇزلاتقۇ ۋە ئومىۋالنىكنى شەھلانىڭ ئېيتقىنىدەك قىلىپ قويدى.

كولخوزدا مېخانىزملار رېمونتى خېلى تەرتىپكە چۈشۈپ قالدى. رېمونتخانىدىكىلەر شەھلانىڭ ئېيتقىنىنى قىلمىساق بالاغا قالىمىز دەپ ئۆز ۋاقتىدا بەش تىراكتورنى يۇيۇپ، پارقىرىتىپ ھويلىغا قاتار قىلىپ تىزىپ قويۇشتى. شەھلا كېلىپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگۈچە ھەر كۈنى سۈرتۈپ تۇرۇشتى.

شەھلا رېمونتتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن پىكاپىنى ھەيدەپ قىزلار ئىشلەۋاتقان ئېتىزغا چىقتى. ھەر خىل رەڭدىكى تۈگۈنچىلەر قويۇلغان سۆگەت يېنىدا پىكاپىنى توختىتىپ قويۇپ ئېتىزغا كىردى. ئېگىز پاشنا توپلەي بىلەن قىيىنىلىپ قىزلارنىڭ ئالدىغا باردى.

قىزلار ئىشلىرىنى توختىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشاتتى. شەھلانىڭ چېچى ئېگىز تۈرۈلگەن، ئۈستىدىن كاپرون ياغلىق تېڭىلغان، قاشلىرى يىپەكتەك ئىنچىكە، بېلى قول سائىتىنىڭ تاسمىسى بىلەن باغلىسا بولىدىغان دەرىجىدە ئىنچىكە. ھاۋارەڭ نىلون كۆڭلەك ئۈستىدىن ئىچىدىكى تاسمىلار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قىزلارنىڭ ھەممىسى ھەۋەس بىلەن قارىسا، چوكانلار سوغۇق نەزەر تاشلىشاتتى.

—ھارماڭلار!— دېدى شەھلا.

بىرسى جاۋاب بەردى، بىرسى جىمجىت تۇرۇۋەردى. شەھلا كەتمەن سېپىغا قولىنى قويۇپ ئېڭىلىپ تۇرغان قىزنىڭ بارمىقىغا قارىدى.

—بۇ نېمە، قوللىرىڭغا قارىساڭ بولمامدۇ؟ قىز بالىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ بۇنداق بولساڭ بوسۇغاڭغا ئەلچى قەدەم باسمايدۇ.

قىزمۇ كەسكىنرەك ئىكەن، راسا باپلاپ جاۋاپ بەردى.

— ماۋۇ كەتمەندە ئىككى كۈن ئىشلەپ كۆرسۇن، بىلىدۇ.

شەھلا قىزغا دادىل قارىدى.

— ئۆتۈكنى سال!

قىز ئۆتۈكنى سالدى. شەھلا ئۇنى كىيىپ قولىدىكى كەتمەننى ئالدى.

— قانداق ئىشلەشنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ مانا قارا!

شەھلانىڭ بالىلىق چېغى ئېتىزدا ئۆتكەن، كەتمەنمۇ چاپقان، تراكتورمۇ ھەيدىگەن، پىلىمۇ باققان، ئۆستەڭمۇ چاپقانىدى، بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا بالىلىقىدىلا تونۇش.

ئۇ ئالقىنىغا تۈكۈرۈپ كەتمەننى كۆتۈردى.

ھەممە كىشى ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەيتتى. شەھلا بىر قېتىممۇ بېلىنى ئەگمەي، قەددىنى تۈز تۇتۇپ كەتمەننى يەرگە ئۇراتتى. چاپقان توپىنى ئاستا بىر يېنىغا تاشلايتتى. ھېچكىم بەس، بولدى دېمىدى. شۇ تەرىقىدە بىر سائەتچە كەتمەن چاپتى. سول بېشىغا يېتىپ، ئارقىسىغا يېنىپ كەلگەندە قىزلار سەۋگەت ئاستىدا تىك تۇرۇپ كۆزىتىشەتتى.

— بولدىمۇ ئەمدى، ياكى يەنە چاپامدىمەن؟

— بولدى! دېدى قىز.

— ماۋۇ سىزگە مۇكاپات، — دېدى بايا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغان جۇۋان بىر تال گۈلنى ئېشىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ.

شەھلا ھىدلەپ چېكىسىگە قىستۇرۋالدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولدى. شەھلا تەرلىگەن يۈزىنى ئېرىقتىكى مۇزدەك سۇدا يۇيۇۋىدى. بېلىنىڭ ئېغىرلىشىنى كۆزىتىپ تۇرغانلارنىڭ كۆڭلىدە بىر گەپ بار ئىدى. كەتمەن چاپقاندا بۇ نازۇك بەل ئۈزۈلۈپ كەتمىگىنىنى قاراڭلار!

شەھلا يۈزىنى يوغىنىدا پەردازى يوقاپ كەتكەنىدى. قىزلار ئۇنىڭ ئەسلى تۇرقى قانداقلىقىنى، شۇنى بىلىشمەكچى ئىدى. ياق، پەرداز قىلمىسىمۇ بولىدىكەن، بىپەردازمۇ يۈزلىرى چىرايلىق ئىكەن، ئىككى يۈزى قىپقىزىل. ئولڭ يۈزىدە يارا ئىزى بار ئىكەن. ئۇمۇ ئۆزىگە بەكمۇ ياراشقان.

چايدىن كېيىن شەھلا سومكىسىدىن ئەينەك قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ پەرداز قىلدى. قىزلار ئەتراپىنى ئوراپ تاماشا قىلىشاتتى.

شەھلا قىزلارنىڭ قىزىقىۋاتقىنىنى بىلىپ ئەسلى مەقسەتكە كۆچمەكچى بولدى. ئۇ ئۆز ئادىتى بويىچە ئىشنى ئاۋۋال ھۇجۇمدىن باشلىشى كېرەك. بايىقى كەتمەن چاپقۇزغان قىزغا قاراپ:

— كۆڭلىكىڭ نېمانچە ئۇزۇن، يېڭى، مويلارنىڭ يېڭىدىن قېلىشمايدىكەن. نەچچىنچى ئەسىردە ياشاۋاتىسەن؟ بۇنداق كۆڭلەكنى مىلىڭ يىل ئاۋۋال كىيىشەتتى...

— نېمە، تىزىمىدىن يۇقىرى كۆڭلەك كېيەيمۇ؟

— تىزىدىن يۇقىرى بولۇش شەرت ئەمەس. پاسونىنى كېلىشتۈرۈپ، يەڭلىرىنى قىسقىراق قىلىش كېرەك. يۈزلىرىڭ، قوللىرىڭ يېرىلىپ كېتىپتۇ، گىرىم مېيى سۈركەش كېرەك. ئەتە كېلىمەن. ھەممەڭلەرگە گىرىم مېيى ئېلىپ كېلىمەن، بولامدۇ؟ ئەتىگەن سۇرتۇۋالساڭلار، شامال تەسىر قىلمايدۇ. يەنە بىر خىلى بار، كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ، يۇيۇنۇپ سۈرتۈپ ياتساڭلار، يۈزلىرىڭلار يۇمشاق بولىدۇ. ئەزبىرايى، ئەرلىرىڭ ماڭا رەھمەت دېمىسە.

شەھلا دېگىنىنى قىلدى. بىر مۇنچە گىرىم مېيى ئېلىپ كېلىپ قىزلارغا تارقىتىپ بەردى. بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن بىر ياش سەيپۇڭنى باشلاپ كېلىپ، ھەممە قىزلارغا، بىر چوڭ كىتابتىن كۆڭلەك پاسونلىرىنى كۆرسەتتى — دە، خالىسۇن - خالىمىسۇن ئۆلچىتىپ ئېلىپ كەتتى.

ئەرلەر يەنە غۇدۇراشتى.

— ۋايجان، ئۆزىگە كىرگىلى بولمايدۇ، گۈپ - گۈپ قىلىپ ئەتىر پۇرايدۇ. بۇ قانداق بولغىنى، ئۆيمۇ، ساتىراشخانىمۇ؟

www.uyghurkitap.com

رەئىس بىر نېمە دېيەلمىدى. بۇ شەھلا دېگەن بىر نېمە خوتۇنلارنى قوزغاپ قويۇپتۇ. مەيلى. بىر ئىش قىلسا بىلىپ قىلىدىغان قىز ئىكەن. ئەرلەر بىر - ئىككى كۈن ۋايجان دېيىشىپ كېيىن توختاپ قېلىشتى.

كېۋەز تېرىلغۇسى باشلانغان كۈنى رەئىس پۈتۈن كولخوزچىلارنى يىغىپ قوش ئېچىش بەردى. ئىدارە ئالدىدىكى سۇپىلارغا ئادەم پاتماي قالدى. رەئىس بىر موزاي بىلەن بىر قوي سويدۇرغانىدى. بىر تەرەپتە ئاش دەملىنىۋاتىدۇ، بىر ياقتا كاۋاپدانىدىن ئاجايىپ تاتلىق ھىدلىق تۈتۈن چىقىۋاتىدۇ.

مەجلىس باشلىنىشتىن ئاۋۋال بىر يۈك ماشىنىسىدا لىق قىزلار كەلدى. بۇلارنى ئاۋۋال رەئىس تونۇمىدى، يېقىن كېلىشكەندە قارىسا، ئالتىنچى ئەترەتنىڭ قىزلىرى ئىكەن. ھەممىسىنىڭ چېچى باشقىچە، كاپرون ياغلىق، كىيىملىرىمۇ ئۆزگەرگەن، پۇتلىرىدا ئېگىز پاشنىلىق تۇپلەي، پەردازلىرى جايىدا. توۋا، قىزلىرىمىز مۇشۇنداق چىرايلىق ئىكەن، شۇ چاققىچە بىلمەي يۈرۈپتىكەنمەن - ھە! دەۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. رەئىس ئولتۇرغان جايدا مىكرافون بار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى يىغىلغانلار بىلەن پۈتۈن يېزا ئاڭلىدى. ھەممە يەرنى ئەتىرھىدى قاپلاپ كەتتى.

كىمدۇر:

— «باھار» ئانسامبىلى كەلدى، ئويۇن قىزىيدىغان بولدى، — دېگەندە ھەممە ئادەم پاراقىدە كۈلۈشتى.

شەھلا تېز - تېز مېڭىپ كېلىپ مىكرافوننى قولىغا ئالدى.

— بۇ «باھار» ئانسامبىلى ئەمەس، ھەقىقي باھار. ئاڭلىمىغانمۇسىز، ئاناڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە دېگەن سۆزنى.

— بابىلىدىك، قىزىم، — دېدى رەئىس ئۆزرە قىلىپ، — نېمە، پەرداز شەھەرلىك قىزلارغا يارىشىدىيۇ، يېزا قىزلىرىغا ياراشمامدۇ؟ مەن قايىل!

— ئىنەكىنى كىم ساغىدۇ، موزايىنى كىم باقىدۇ؟

بۇ سۆزنىڭ كىمدىن چىققانلىقىنى شەھلا بىلەلمىدى. ئۇياق - بۇياقتا قارىغانىدى، ئاشۇ كۈنكى يەر تۈزلەش ماشىنىسى ھەيدىگۈچى شاپبۇرۇتنىڭ ھىجىيىپ تۇرغىنىنى كۆردى.

— سەل كېلىشكەن خوتۇن يېنىڭىزدىن ئۆتسە، كۆزىڭىزنى ئۈزەلمەي قالىسىز. نېمە، ئۆزىڭىزنىڭكى يامانمۇ؟ ھە، نەپسە بۇياقتا كەل!

35 ياشلاردىكى چىرايلىق بىر جۇۋان ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مانا، خوتۇنىڭىز، قايسى بىر جانىۋاردىن كەم؟

شاپ بۇرۇت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— نەپسەمۇ سەن؟ ۋاي - ۋاي، — دەۋەتكىنىنى ئۆزى بىلمەي قالدى.

چۇقان كۆتۈرۈلدى.

رەئىس قول كۆتۈرۈپ چۇقاننى باستى.

ئېتىزغا قوش چىقىشقا بېغىشلانغان مۇراسىم باشلاندى. شەھلا گۈلدەك ئېچىلىپ پىرىزىدىومدا ئولتۇراتتى.

رەئىس كىرىش سۆزىدە باھار كەلگىنىنى ئېيتىۋېتىپ، شەھلاغا قاراپ قويدى.

— يېزىمىزغا بۇ يىل بىر ئەمەس، ئىككى باھار كەلدى، — دېدى.

ھەممە كىشىنىڭ دىمىغىغا ئەتىر ھىدى ئۇرۇلدى.

---

يازغۇچىنىڭ «تاللانغان ئەسەرلىرى» توپلىمىدىن: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ تەرجىمىسى

تەرجىمە مۇھەررىرى: قۇربان ماۋۇت

# يۈرەك

چوغدەك چاقناپ تۇرمىسا،
يۈرىكىم بار دېمىگىن.
يۈرىكىڭ ئويناپ تۇرمىسا،
تىلىكىم بار دېمىگىن.
تىلىكىڭ ئىشقا ئاشمىسا،
بىلىكىم بار دېمىگىن.
ئىشىڭ ئەلگە ياقمىسا،
كېرىكىم بار دېمىگىن.

ت. سامساق

ھۆسن خەتنى مۇھەممەت رازىيوپ يازغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



新疆文化（维吾尔文）　　«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»

37 - يىل نەشرى 1988 - يىل 2 - سان　　(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ژۇرنالنىڭ مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن نومۇرى: CN 65 — 1073/1

ۋەكالەت نومۇرى: 22 — 58. تىزىملانغان نومۇرى: 414

تاق ئايلارنىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ. تېلېفون نومۇرى: 28055. باھاسى 30 پۇڭ